1.ئىچكىرىگە قانچىلىك ئۇيغۇر قىزى يۆتكەلدى

2. 6 نەپەر ئۇيغۇر قىزى نىمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى ؟؟؟

3.ئاشكارلانغان سىر <<يەكەندىن ئىچكىرىگە يۆتكەلگەن قىزلارنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى>>

4.سىڭلىم ، مىنى كەچۈرگىن ! ( ئىچكىرىگە يۆتكەلگەن ئۇيغۇر قىزى )

## ئىچكىرىگە قانچىلىك ئۇيغۇر قىزى يۆتكەلدى

قەشقەر ھۆكۈمەت ئۇچۇر تور بېتىنىڭ 19 - مارتتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، مۇشۇ ئاينىڭ 14 - كۈنى پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ ھەرقايىسى يېزا - بازارلىرىدىن كەلگەن 186 نەپەر ئۇيغۇر قىزلىرى تيەنجىن شەھەرلىك شەنگاڭ كىيىم - كېچەك شىركىتىگە ئىشلەمچىلىككە يولغا سېلىنغان. بۇ مۇشۇ ئاي ئىچىدە پەيزىۋات ناھىيىسىدىن 4 - تۈركۈم يولغا سېلىنغان قىزلار بولۇپ، 3 - ئاي ئىچىدە پەيزىۋات ناھىيىسىدىنلا تەخمىنەن 696 قىز ئىچكىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن.

2007 - يىلى كىرگەندىن بۇيان توشۇلغان قىزلارنىڭ سانى جەمئىي 3000 غا يېتىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، 19 - مارت قاغىلىق ۋە تاشقورغاندىن كەلگەن 160 نەپەر قىز ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇتلاردا ئىشلەش ئۈچۈن يولغا سېلىنغان. خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ قىزلار تيەنجىن جوڭجې شۈنچېڭ تىككۈچىلىك چەكلىك شىركىتىگە ئۆگىنىش ۋە ئىشلەشكە بارىدىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ شىركەتتە 2 - 3 يىلغىچە ئىشلەيدىكەن.

ئىگىلىنىشىچە ، بۇ يىل قەشقەر ۋىلايەت تەۋەسىدىن ياقا يۇرتلارغا يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن ئايال ئەمگەك كۈچى 240 مىڭ ئادەم ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، 2006 - يىلى پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىدىن 1 مىليون 115 مىڭ ئادەم ئىچكىرى شەھەرلىرىگە يۆتكەلگەن بولۇپ بۇ يىل بۇ ساننى 1 مىليون 200 مىڭغا يەتكۈزۈلۈش پىلانلىنىۋېتىپتۇ..

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىچكىرىگە يۆتكەلگەن ياشلارنىڭ سالامەتلىك ۋە بىخەتەرلىك ئەھۋاللىرى ئاتا - ئانىلارنى ئەندىشىگە سېلىشقا باشلىغان. چىڭداۋغا يۆتكەلگەن بىر قىزنىڭ ئانىسىغا يىغلاپ بىلدۈرۈشىچە، ئۇلار زاۋۇتقا كىرىپ بولغاندىن كىيىن، سائەتلەپ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە سېلىنغان، يېتەرلىك دەم ئېلىشقا ۋاقىت بېرىلمىگەن ۋە سىجىل ئىش ۋاقتى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ قوللىرى قاپىرىپ تىرناقلىرى يېرىلىپ كېتىشكەن ھەتتا ئۇرۇش ھادىسىسىمۇ كۆرۈلگەن.

خەلقارا ئىنسان ھەقلىرى ئورۇنلىرىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئالدىنقى بىر قېتىملىق ئادەم يۆتكەشكە ئازىراق ئوغۇللار قوشۇپ يۆتكەلگەن، ئەمما يەنىلا ئاساسەن قىزلار يۆتكىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئەھۋال مۇلاھىزىچىلەرنى شۇ قىزلار توغرىسىدا ئەندىشىگە سېلىپ قويغان.

مەنبە :چوغلان

## 6 نەپەر ئۇيغۇر قىزى نىمە ئۈچۈن ئۆلىۋالدى ؟؟؟

مەتبۇئاتلارنىڭ 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئېلان قىلغان خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، 2006 ـ يىلى كۈچار ناھىيىسىدىن، 40نەپەر ئۇيغۇر قىز، ئائىلە كىرىمىنى ئاشۇرۇش نامى بىلەن ئىچكىرگە ئېلىپ كېتىلگەن. ئەمما ئىشلەش توغرىسىدا توختاملاشقان زاۋۇتقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، زاۋۇت خوجايىنى ئۇلار ئىچىدىن 10 نەپەر قىزنى شۇ رايوندىكى يوشۇرۇن پاھىشىخانىغا سېتىۋەتكەن. قىزلار ئۇ يەردە مەجبۇرى جىنسى قۇللۇقتا سېلىشقا ئۇچرىغان. كېيىن، مەزكۇررايوندىكى ئۇيغۇرتىجارەتچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلار ئارىسىدىن 6 قىز ئۇرۇمچىگە يېنىپ چىققان ۋە ئۇرۇمچىدىكى بەزى ئاق كۆڭۈل تىجارەتچىلەرنىڭ ياردىمىدە جان كەچۈرۈپ تۇرۇپ قالغان. ئەمما ئۇلار ئىشلەشكە توختاملاشقان شىركەت، قىزىڭلار توختامنى بۇزدى دەپ ئاتا ئانىسىغا بېسىم سېلىشقا، يەرلىك كادىرلار بولسا ئاتا ئانىسىنى قىزلىرىنى تېپىپ كېلىپ يەنە ئىچكىرگە ئەۋەتمىسە، ھەر بىر ئائىلىدىن 5000 يۈئەن جېرىمانە ئېلىنىدىغانلىقنى ئېيتىپ تەھدىت سېلىشقا باشلىغان. ئوتتۇرىچە ھېساپ بىلەن 5000 يۈئەن بىر ئۇيغۇر دېھقان ئائىلىسىنىڭ( بەش يىللىق كىرىمىدۇر.) ئاتا ـ ئانىلار ئامالسىز ئۇرۇمچىگە بېرىپ، قىزلىرىنى ئىزدىگەن. قىزلار ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشمەيلا كۈچارغا كەتكەن.

ئىگىلەنگەن ئاخپاراتلاردىن مەلۇم بولىشىچە، قىزلار كۈچارغا بارغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتماستىن، ئۈچى كۆلگە سەكرەپ، بىرى دورا يەپ، يەنە ئىككىسى ئېسىلىپ ئۆلىۋالغان.

قىزلار ئۇرۇمچىدىكى ۋاقتىدا بەزى خەلقئارالىق رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى دۇنياغا ئاڭلاتقان ئىدى .

بۇ ئىچكىرگە ئىشلەش نامىدا بارغان قىزلار ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىككىنجى قېتىملىق پاجىئە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. 2 ئاي ئىلگىرى گۇاڭشى ئۆلكىسىگە ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن قىزلار ئارىسىدىكى 10 ئۇيغۇر قىزغا، 18 خەنزۇنىڭ نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن ئىدى. قىزلار ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرغان زاۋۇتقا بېرىش جەريانىدا شەخسىلەر قولدىن قولغا يۆتكەش، ھەتتا سېتىش. بەلگىلەنگەن زاۋۇتقا يەتكۈزۈلمەي باشقا ئورۇنلارغا يۆتكەش. ھەتتا ھۆكۈمەت ئىشلەيدۇ دەپ

بېكىتكەن زاۋۇتلارمۇ ئادېرىسى، ھەتتا زاۋۇت ئىسمىمۇ يوق، ئۆز نامىنى ئېلان قىلىشتىن قورقىدىغان قارا ئۆگىلاردىن بولۇپ چىقىپ، دۇنيا جامائىتىنى ھەيران قالدۇرماقتا.

مەنبە

http://bbs.hislet.com/read.php?tid=11008&amp

ئاشكارلانغان سىر <<يەكەندىن ئىچكىرگە يۆتكەلگەن قىزلارنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى>>

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ھۆرمەتلىك تورداشلار يېقىندىن بىرى ئۇيغۇر تور بەتلىرىدەجەنۇبى شىنجاڭدىن ئىچكىرگە يۆتكەلگەن قىزلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق بەزى تېملار يوللاندى ۋە ئۇنىڭغا قارتا نۇرغۇنلىغان ئىنكاسلارمۇ يوللاندى.

بۇ ئەھۋال تورغا كىرىدىغان كىشلەر ۋە جەمىيەتتىكى كىشلەر ئىنتايىن دىققەت قىلىدىغان موھىم خەۋەرگە ئايلاندى.گىزىت ـ مەتبۇئاتلاردىمۇ بۇ ھەقتە بەزى خەۋەرلەر بېرىلدى .ھازىر جەمىيەتتىكى نۇرغۇن كىشلەر ، زادى ھەقىقى ئەھۋال قانداق؟ ـ دېيىشىپ بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلمەكتە.  بۇ تېمىدا يوللانغان خەۋەر يەكەن ناھىيىسىدىن ئىچكىرگە ئەكىرلىپ ئۇ يەردىن قىچىپ چىققان بەش نەپەر قىز ئىچىدىكى ئىككى نەپەر قىز بىلەن بىلەن ئېلىپ بېرىلغان زىيارەت خاتىرسى بولۇپ بۇنىڭدا يەكەن ناھىيىسى ۋە كاچۇڭ يېزىسىدىن ئىچكىرگە ئېلىپ چىقىلغان قىزلارنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن بايان قىلىنغان.

تۆۋەندە سىلەرگە ئۇ ئىككى قىز بىلەن ئېلىپ بېرىلغان زىيارەت خاتىرسىنى سۇندۇق.

،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،

سۇئال : ئىسمىڭلارنى دەپ بەرسەڭلار بولامدۇ

جاۋاپ : بولدۇ . مىنىڭ ئىسمىم پاتىگۈل يۈنۈس ، يەكەن ناھيە كاچۇڭ يېزا 8 ـ كەنىت 4 ـ مەھەللىدىن. ـ ـ ـ << يەنە بىر قىز>> مىنىڭ ئىسمىم پاتىمە سىيىت ، يەكەن ناھيە كاچۇڭ يېزا 12 ـ كەنىت 6 ـ مەھەللىدىن.

س : سىلەر يۇرتىڭلاردىن ئىچكىرگە نىمە سەۋەپتىن چىققان؟

ج : بىزنى يېزا رەھبەرلىرى بىر تۈتاش ئىچكىرگە چىقىشقا تەشكىللىگەن.

س : سىلەرنىڭ يېزاڭلاردىن ئىچكىرگە قانچە ئادەم چىققانتىڭلار؟

ج : 113 نەپەر قىز .

س : سىلەر بىلەن بىرگە باشقا يۇرتتىن چىققان قىزلارمۇ بارمۇ؟

ج : بار ، يەكەن شەھەر ئىچىدىن 100 نەپەر قىز ، جەمئىي 213 نەپەر قىز يولغا چىقتۇق.

س : ھەممىڭلار ئۆز رازىلىقىڭلار بىلەن چىقتىڭلارمۇ؟

ج :رازىلىقى بىلەن چىققان قىزلارمۇ بار ، لېكىن بەزى قىزلار چىقىشقا ئۇنىمىغان بولسىمۇ ،يېزا ۋە كەنت رەھبەرلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئامالسىز چىقتى.

س : چىقىشقا ئۇنىمىغانلارغا قانداق مەجبۇرلاش ھەركىتى قوللاندى؟

ج : يېزا ۋە كەنت رەھبەرلىرى ھەممەيلەننىڭ نوپۇسىنى يىغۋالدى ۋە<< چىقمىساڭلار نوپۇسىڭلارنى بەرمەيمىز ، قارا نوپۇس بولۇپ قالىسلەر. چىقمىغان قىزلارغا جاڭزا << توي خېتى>> بىرىلمەيدۇ. بۇ دىگەن رەھبەرلىكنىڭ بۇيرۇقى يەنە قارشىلىق قىلىپ ئۇنىمىساڭلار توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ئەكىلىپ ئۆيۈڭلارنى چېقىپ تۈزلىۋېتىمىز >> دەپ بېسىم ئىشلەتتى .

س : سىلەر يۇرتىڭلاردىن قاچان يولغا چىقتىڭلار؟

ج : 2007 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

سىلەرنى ئۆتكۈزۋالغان كىشىنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىلەر؟

ج : بىلمىز . خۇ چاڭۋېي ئىسىملىك خەنزۇ . ئۇ ئۇيغۇرچىنىمۇ خېلى بىلىدىكەن . تىخى ئۆزىگە خۇدا بەردى دەپ ئۇيغۇرچە ئىسىممۇ قويۋاپتۇ.

س : سىلەرنى خۇ چاڭۋېيغا مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلەر كىملەر؟

ج : يەكەن ناھىيىسى كاچۇڭ يېزىسىدىن جا**** شۇجى . ئا**** شاڭجاڭ . گۈل**** شۇجى ۋە 8 - كەنت سېكرېتارى تۇ**** قاتارلىقلار .

س :سىلەرنى قانچىلىك توختام بىلەن ئېلىپ ماڭدى؟

ج : بىر يىللىق توختام بىلەن.

س : مائاشىڭلارنى قانچە پۇلدىن بېرىمىز دەپ ئېلىپ چىققان ؟

ج : ئۆگىنىش باسقۇچىدا ھەر ئېيىغا 550 يۈەندىن ،ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن 900 - 1100 يۈەنگىچە بېرىمىز دىگەن ۋە مائاشىمىزنى ھەر ئايدا دەل ۋاقتىدا بىرىدىغان بولغان.

س : سىلەرنىڭ ياتاق - تاماقىڭلارنى ۋە تۇرمۇشىڭلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولغان؟

ج : ياتاق - تاماقىڭلارنى ياخشى قىلىپ بېرىمىز . ئاغرىپ قالساڭلار دوختۇرخانىدا داۋالىتىمىز دىگەن.

س : سىلەرنى قايسى شەھەرگە ئېلىپ ماڭدى؟

ج : بىزنى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يۇرتتىن ئېلىپ چىقىپ جېجياڭنىڭ 浙江 خاڭجۇ 杭州 شەھرىگە ئاپاردى .يولدا بارغۇچە تۇرپاندا بىر كۈن ۋە شىئەندە 西安 بىر كۈن يېيىز ساقلاپ ناھايىتى جاپادا يېتىپ باردۇق. ئۇلار بىزنى ئۇ يەردىكى بىر ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق زاۋۇتىغا ئېلىپ بارغان ئىدى ئىچىمىزدىكىلەرنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيەسى ياخشى بولمىغاچقا بىزنى ئۇ زاۋۇتقا ئالمىدى.ئاندىن بىزنى خۇ چاڭۋېي لىيوۋزۇڭ ئىسىملىك بىر خەنزۇغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

كېيىن ئۇقساق ئۇ كىشى بىز ئىشلىگەن زاۋۇتنىڭ باشلىقى ئىكەن . ئۇ بىزنى شەندۇڭنىڭ山东 خەيياڭ 海阳 شەھرىگەئېلىپ باردى ۋە شۇ يەردىكى لوڭشياڭ لوساۋئو توقۇمچىلىق شىركىتىگە ئېلىپ باردى.خەيياڭ شەھرىگە 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشكەن ئىدۇق ،ئۇ يەردە 3 كۈن تۇرغاندىن كېيىن 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى رەسمى ئىشقا چۈشتۇق.

س : سىلەر ئۇ زاۋۇتتا نىمە ئىش قىلدىڭلار؟

ج : قىشلىق يۇڭ مايكا توقۇيتۇق.

س : بىرىڭلار بىر كۈندە قانچە تال مايكا پۈتكۈزەلەيدىكەنسىلەر؟

ج :بىرمىز بىر كۈندە تەخمىنەن 50 ـ 65 تال ئەتراپىدا.

س :سىلەرنىڭ ياتاق ـ تامقىڭلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇردى؟

ج : ياتقىمىزنى زاۋۇت ئىچىدىكى بىر بىنانىڭ 4 ـ قەۋتىگە ئورۇنلاشتۇردى .ياتقىمىز خىلى ياخشى ئىدى.تامقىمىزنىمۇ دەسلەپتە خىلى يامان ئەمەس قىلىپ بەردى .ھەر بىر ۋاخ تامقىمىزغابىردىن موما بىر چۆمۈچتىن شفەن ۋە ئىككىدىن تۇخۇم قىتىپ بەردى. بىراق 4 ـ 5 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسى ئۆزگەردى ، تامقىمۇ ناچارلاپ كەتتى. ھەر بىر ۋاخ تامقىمىزغا يىرىمدىن موما ۋە ھىچنەرسە سالمىغان قۇرۇق ،ئاق شفەندىن بىر چۆمۈچتىنلا بەردى.

س : سىلەر كۈندە نەچچە سائەت خىزمەت قىلاتتىڭلار؟

ج : بىزنى يۇرتتىن ئېلىپ چىققان ۋاقىتتا ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 7 ـ دىن كەچ سائەت 5يىرىمغىچە ئىشلەيسلەر دىگەن لىكىن چىققاندىن كېيىن ئەتىگەن سائەت 7دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە ئىشقا ئەچىقىپ كەچ سائەت 6 يىرىمغىچە ئىشلىتىپ يىرىم سائەت تاماق يىيىش ۋاقتى بىرىپ يەنە كەچ سائەت 7 ـ دىن كىچە سائەت 12 گىچە جابەر加办儿 ئىشلەتتى.ھەر كۈنى مۇشۇنداق 15 سائەت ئىشلەيمىز . پەقەت يەكشەنبە كۈندىلا جابەر يوق . شۇ كۈنىلا 10 سائەت ئشلەيمىز.

س : ئۇ يەردە سالامەتلىكىڭلار قانداقراق بولدى؟ئۇلار سالامەتلىكىڭلارغا كۆڭۈل بۆلدىمۇ؟

ج :ئۇلار بىزنى ئېچىققان ۋاقىتتا سىلەرگە ياخشى قارايمىز ، ئاغرىپ قالساڭلار دوختۇرخاندا داۋالىتىمىز دىگەن ئىدى،لىكىن نەچچىمىز ئاغرىپ قالغان بولساقمۇ داۋالاتمىدى. تامقىمىز ناچار ۋە خىزمەت بىسمىنىڭ ئىغىرلىقىدىن قىزلارنىڭ ئىش ۋاقتىدا ئايلىنىپ كىتىشى يۇز بىرىپ تۇردى.لىكن ئۇلارنىڭ بىز بىلەن كارىمۇ بولمىدى.سىلەرگە بىر نەچچە ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بىرەيلى .ئارىمىزدىن كاچۇڭ يىزا 9 ـ كەنتتىن بۇنساخان روزى مەمەت ئىسىملىك بىر قىز ياتاقتا قايناقسۇ ئېلىپ چىققۇچىلىك يۇزىگە قايناقسۇ تۆكىلىپ كىتىپ يۈزى ئىششىپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئامالسىز ياغلىقى بىلەن يۈزنى تېڭىۋېلىپ خىزمەتكە چىقتى.

ئارىمىزدىن كاچۇڭ يىزا 1 ـ كەنتتىن يەنى << چىمدۇ كەنتى>> دىن سەنەمگۈل سادىق ئىسىملىك بىر قىز 5 ـ ئاينىڭ

27 ـ كۈنى ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى، ئۇ قىز ھۇشسىز 3 كۈن تۇرغان بولسىمۇ ئۇلار ئۇ قىزنى دوختۇرخانىغا ئاپارمىدى .بىز 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۇ يەردىن قاچقان ۋاقتىتىمۇ ئۇ قىز ئۇ يەردە ھۇشسىز قالغان.مانا بۇ ئۇ يەردىكى ئەھۋال.

س :ئۇلار سىلارگە خىزمەت جەريانىدا قوپاللىق قىلدىمۇ ـ يوق؟

ج :بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئاچچىقى كىلىپ قالسا بىزنى تىللاپ ، ھاقارەتلەپ ،ۋاقىراپ،ئىشلىتەتتى.

س : سىلەرنىڭ مائاشىڭلارنى ۋاقتىدا بەردىمۇ ؟

ج: نەدىكىنى دەسلەپتە 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بېرىمىز دىدى ،لىكىن بەرمىدى .كېيىن 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بېرىمىز دىگەن ئىدى بىراق يەنىلا بەرمىدى .بىز ئۇلارغا مائاشىنىڭ گىپىنى قىساق بىز سىلەرنى بىزگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن كىشىگە پۇلۇڭلارنى بىرىپ بولغان ،سىلەرگە مائاش بىرلمەيدۇ.

دەپ تۇ گەتتى . بىز ئىش ھەققىمىزنى يەنىلا تەلەپ قىلساق ئۇلار بىزگە 5 مولۇق 1 يۈەنلىك پۇللارنى بىشىمىزغا ئېتىپ <<ئالە ، ماۋۇ سىنىڭ ئىش ھەققىڭ >> دەپ بىزنى زاڭلىق ئەتتى.

س: ئىچىڭلاردا 16 ياشقا توشمىغان قىزلار بارمۇ ؟

ج: بار. مەسلەن:كاچۇڭ يىزا 8 ـ كەنتتىن رىسالەت تۇدىمەت <<15 ياش>> .

س: ئىچىڭلاردا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپ ئىچكىرىگە يۆتكەلگەن قىزلار بارمۇ؟

ج: ئۇنداقلار خىلى بار. مەسلەن: كاچۇڭ يىزا 8 ـ كەنتتىن قۇربانىسا نورمەمەت. كاچۇڭ يىزا 9 ـ كەنتتىن پاتىمە ماڭسۇر .....

س: سىلەر ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى ئۆيدىكىلىرىڭلارغا ۋە يۇرتداشلىرىڭلارغا دىمىدىڭلارمۇ ؟

ج: سىلەر ئۇقمايسىلەر ئۇيەردىكى بىز ئىشلىتىدىغان تىلفۇنلارنىڭ ھەممىسى نازارەت قىلىنىدىغان ۋە قىلىشقان سۆزلەرنى تىڭشىغلى بولىدىغان تىلفۇنلار ئىكەن.ئۇلار بىزگە ھەققى ئەھۋالنى ئىتقۇزمايتى .كېيىن سىرتتىكى تىلفۇنلەردىن يۇرتتىكى قىزلارغا تىلفۇن قىلسام ئۇلارنىمۇ ئىچكىرىگە ئەكىرمەكچى بولۇۋىتىپتىكەن بۇ يەرگە كەلمەڭلارر ھەققى ئەھۋال مانا، مۇشۇنداق دىسەم ئۇلار سۆزۈمگە ئىشەنمىدى . چۈنكى ئۇلار بىر قىتىم بىر ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى قازاندا قايناتقۇزۇپ تىلكامىرادا سىنغا ئالغان ۋە بىزگە مۇشۇنداق گۆش پىشۇرۇپ ياخشى قاراۋاتىدۇ دىگۈزگەن ئىدى لىكىن شۇقىتمقى گۆشنىمۇ ئەملىيەتتە بىزگە بەرمىگەن ئىدى يەنە ئىككى قىتىم ئولتۇرۇش قىلىپ بىرىپ شۇنىمۇ سىنغا ئېلىپ يۇرتتىكىلەرگە ئۇۋەتىپ ئۇلانى ئالداپتۇ .

س: ئۇنداقتا ئۇ يەردە ئەملىيەتنى يوشۇرۇش ئەھۋالى مەۋجۇت ئىكەندە ؟

ج: ئەلۋەتتە بار . ئۇ يەردە گۈل ****شۇجى ، رەيھانگۈل جىڭجاڭ ، زۇلپىيەم ، تۇسۇنگۈل، قاتارلىق 4ئايال بار ئىدى ئۇلار بىزنى تىلفۇن ئۇرغاندا ۋە باشقا چاغلاردا نازارەت قىلىپ تۇراتتى.بىز ئۆيگە تىلپۇن قىلغاندا بىشىمىزدا قاراپ تۇرۇپ ئانداق دە مانداق دە دەپ ئەمەلى ئەھۋالنى ئىيتقۇزمايتى .

ئۇلار بىر قىتىم بىزگە مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن ،ئۇلارنىڭ دىيىشىچەجاۋجۇ دىگەن شەھەردەپوسكام ناھىيلىك 10 ئۇيغۇر قىز بالا زاۋۇتتىن قىچىۋاتقاندا ئۇلارنى كەينىگە چۈشكەن خەنزۇلار بىلىپ قىلىپ18 خەنزۇئۇلارغا باسقۇنچىلىق قىلغان.ئۇلار بۇ ئىشنى بىزگە دەپ بىرۋىتىپ سىلەر ھەرگىزمۇ قىچىپ سالماڭلار ، قاچساڭلار ئاشۇنداق ئاقىۋەتكە قالساڭلار قاندىق قىلىسلەر؟ دىگەن ئىدى.كىيىن بۇ خەۋەرنى يۇرتقا تىلىپۇن بەرگەندەيۇرتتىكىلەردىمۇ ئاڭلىدۇق.

س : سىلەر بۇ ئىشلارنى يىزا رەھبەرلىرگە دىمىدىڭلارمۇ؟

ج : ****شاڭجاڭغا تىلىپۇن بىرىپ بىزنى بۇ يەردىن ياندۇرۇپ ئەكىتىڭلار ،بىزگە ئۇنداق قىلماي ياردەم قىلىپ قويۇڭلار ، چوڭ باشلىقلارغا گەپ قىلىپ قويساڭلار دىسەك،ئا**** شاڭجاڭ 《بىز سىلەرنى بۇ چاڭۋېيغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ،ئۇ سىلەرنى ستىۋېتىپتۇ،بىڭسىڭلار بولسا قىچىڭلار ، سىلەر ئۇ يەردە بىز بۇ يەردە تۇرساق قانداق قىلمىز؟ بىز ھازىر ئىشىڭلارنى ھەل قىلالمايمىز>>دىدى.شۇنىڭ بىلەن قاچتۇق.

س : سىلەر ئۇ يەردىن قاچان ،قانچىڭلار قاچتىڭلار؟

ج :5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بەشەيلەن قاچتۇق. بۇ ئىككىمىز ۋە13 ـ كەنىتتىن ئاينۇر .14 ـ كەنىتتىن زوراگۈل مەمەت بىلەن ئازاتگۈل تۇرسۇن. بىزدىن ئىلگىرمۇ يەكەن شەھەر ئىچى باللىردىن 50چە بالا قىچىپ بولغان.

س: قىچىش قەريانىڭلارنى سۆزلەپ بەرسەڭلار بوپتىكەن

ج :بولدۇ بىز بەشەيلەن 29 ـ چىسلا كىچە سائەت 12دە قىچىپ شۇ يەردە ئاشخانا ئاچىدىغان ئەركىنجان ئىسىملىك بىر كىشدىن ياردەم سوراپ باردۇق ،ئۇ كىشى بىزنى دىشا ئۆيدە بىر كىچە قوندۇرۇپ ئەتگەن سائەت 7دەبىزنى   جىنەن شەھرىگە يولغا سىلىپ قويدى.بىز ئۇ يەردىن پويىز بىلتى ستىۋاللى دەپ بىلەت ئالغىلى بارساق پۇلمىز كەملەپ قالغاندا شۇ يەردە ئۇچقىشىپ قالغان ئابدىريمجان ، ئۆمەرجان ، ئىككىسى شىنخادىن،يۈسۈپجان كۇچادىن ، ئىمىنجان خوتەندىن ،مىھراي ئۈرۈمچىدىن،قاتارلىقلاربىزگە پۇل قىتىشىپ بىلەت ئىلىشىپ بەردى. ۋە كەلگۈچەتامقىمىزدىن خەۋەر ئالدى .بىز 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ  كۈنى ئۈرۈمچىگە چۈشتۇق.

س : نىمىشقا ئۆيۈڭلارغا بارمىدىڭلار؟

ج : ئۆيگە تىلىپۇن قىلساق ئۇلار بىزنى كەلمەڭلار دىدى.چۈنكى يىزا رەھبەرلىرى ئۇلارغا بالاڭلارنى تىپىڭلار بولمىسا 1500يۈەن پاكەن تۆلەيسىلەر دەپ بىسىم ئىشلىتىۋېتىپتۇ.

س : سىلەر ئەرىز قىلمامسىلەر؟

ج :ئەرىز قىللى دىسەك 1 ـ 2 ئادەم ئەرىز قىلساق ئاقماسمىكىن دەيمىز . ئەگەر پۇلىمىز بولغان بولسا بىيجىڭغىچە ئەرىز قىلاتتۇق .لىكىن ھازىر مۇشۇ ئەھۋاللارنى سورايدىغان كىشى ياكى ئورگان بولساھەقىقى ئەھۋالنى دىيىشكە ۋە گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشكە ھەر ۋاقت تەييارمىز.

بۇ سۆھبەتنى توردا ئىلان قىلدۇرساق قوشۇلامسىلار؟

ج :ھەئە قوشۇلىمىز. يەنە ئىچكىردە قىيلىنىۋاتقان نۇرغۇن ئۇيغۇر قىزلىرى بار .ئۇلارمۇ ئازاپتىن بالدۇرراق قۇتۇلسۇن.بۇ ئىشقا ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ قولدىن كىلىشىچە ياردەم بىرشىنى ئۈتۈنىمىز.چۈنكى ھەممىمىز بىر ئۇيغۇر ، بىر مىللەت.....

ھۆرمەتلىك تورداشلار ئۇلار بىلەن .ئېلىپ بىرىلغان زىيارتىمىز مۇشۇ يەردە ئاياقلاشتى.دىمەك مانا بۇ يەكەن ناھىيسىدىن ئىلىپ چىقىلغان213 نەپەر قىزنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى.مۇشۇ قىزلارمۇ جۇڭخۇا خەلىق جۇمھۇرىيتىمىزنىڭ باشقىلارغا ئوخشاشلا پۇقراسى. ئۇلارمۇ دۆلتىمىز بەرگەن كىشلىك ھوقۇقۋە ئەركىلىكتىنبەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق ئىدى. لىكىن بىر قىسىم<<شەپكىسنى ئەپ كەل دىسە بىشىنى كىسىپ كىلىدىغان>> قارا نىيەت رەھبەرلەر دۆلتىمىز قانۇننى توغرا يۈرگۈزمەي،قانۇنى جەھەتتىن ساۋاتسىز بولغان،ساددا خەلقىمىزگەھوقۇقىدىن پايدىلىنىپبىسىم ئىشلىتىپ ،قورقۇتۇپ ۋە تەھدىت سىلىپ دىھقانلىرمىزنىڭ دۆلتىمىز بەرگەن كەڭچىلىك،ئەركىنلىكۋە ياخشى سىياسەتلىردىن پايدىلىنىشغا توسقۇنلۇق قىلماقتا.ھەتتا بەزى دىھقان باللىرنىڭ ياخشى مائارىپ تەربىيسي كۆرشىگىمۇ توسقۇنلۇق قىلماقتا.مۇشۇ ئىشلارغا ھەربىر ۋىجدانلىق ئۇيغۇرنىڭ قولدىن كىلىشچە ياردەم بىرشىنى ئۈمۈد قىلىمىز.

دىققەت : بۇنىڭدىن باشقا قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئىچكىرگە يۆتكەلگەن مىڭلىغان قىزلار مەۋجۇت.ئۇلار مەتبۇئاتلاردا ئىلان قىلىنغاندەك ياخشى كۈن كۆرۋاتامدۇ ياكى مۇشۇ قىزلاردەك كۈن كۆرۋاتامدۇ ؟ بۇنىسى بىزگە نامەلۇم.بۇ پەقەت يەكەن ناھىيسى ۋەكاچۇڭ يىزىسىدىكى 213 نەپەر قىزنىڭلا ئەمەلى ئاھۋالىدۇر.ئەگەر يۇقارقى زىيارەت خاتىرسىگە ئىشەنمەيدىغانۋە گۇمان بىلەن قارايدىغانشەخس ياكى ئورۇن بولسايەكەن ناھىيسىنىڭ ئەمەلى قاتلاملىرغا بىرىپ تەكشۈرۈش ئىلىپ بارسا ، ياكى شۇ يۇرتتىن چىققان باشقا كىشلەر بىلەن ئەھۋاللىشىپ باقسا بولدۇ .ئىچكىرنى تەكشۈرۈشكە قۇربى يىتىدىغانلار بولسا ئۇ يەرنىمۇ كۆرۈپ كەلسەڭلار بولدۇ.بىزنىڭ بىر دوستىمىز ئاشۇ زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان بىر قىزنىڭ ئاكىسى ئىدى،لىكن دەرۋازىدىن كىرىش مومكىن بولماي،سىڭلىسى بىلەنمۇ كۆرشەلمەيقۇرۇق قايتىشقا مەجبۇر بولدى.بۇ ئىككى قىز ھازىرمۇ ئۈرۈمچى شەھرىدە بار بولۇپ قانۇنى جەھەتتە ياردەم بىرىشنى خالايدىغان شەخس ياكى ئورگاننىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىششنى ئۈمۈد قىلىمىز..

ئەسكەرتىش : بۇ ماقالنى زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ سەلكىن ۋە شەبنەم تور بىتىدە كۆپ بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ تۇنجى بولۇپ مۇشۇ ئىككى تور بەتتە ئىلان قىلدۇردۇق . بۇ ماقالە ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر تور بىتىگە مەنسۇپ ئەمەس. بۇ ماقالنى ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر تور بەتلىردە ئىلان قىلدۇرسا بولدۇ. بۇ تىمىنىڭ يەنە قانۇن ھەققىدىكى مۇلاھىزىللىرى ۋە داۋامى بار بولۇپ ھازىر ۋاقتقا قادىر بولالماي قالدۇق، ئاللاھ خالىسا پات ئاردا تورداشلار بىلەن يۈز كۆرشىدۇ، بۇ تۇنجى قىتىم ماقالە يوللىشىم بولغاچقا ئىملا خاتالىغىنىڭ بولشى تەبئى. شۇڭا تورداشلارنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشنى ۋە توغراچۈشىنىشنى ئۈمۈد قىلمەن.

ھۆرمەت بىلەن :   ئىشەنچ

مەنبە :

http://bbs.xabnam.com/read.php?tid-17659.html

ئىنكاس

مەن <ئاقسۇ ئەدەبىياتىدا> مۇنداق بىر ھەققى يازغان ئەسەرنى كۆرگەنتىم بۇيەردە ئازراق ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى.

ئاپتۇر ئۇرۇمچىدىن بېيجىڭغا پويىزدا ماڭغان بىر ئەھۋالنى يېزىپتۇ بۇ ئۇزۇن ئەسەر مەن پەقەت كىچككىنە بىر مەزمۇنىنى دەي.

بىرىنجى مەسلە:پويىزدا ئاپتۇر زېرىكىپ باشقا ۋاگۇن ئارىلىغاچ ئۇيغۇرلارنى ئىزدەپ مېڭىپ باشتا مۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىغان، ۋاگۇندا بىر ئۇيغۇر قىز بىلەن بىر خەنزۇ يىگىت تەپ تارتماستىن سۆيۈشۈپ يۇرگەن قىزچاق ئاپتۇرنى كۆرۈپ تورۇپمۇ قىلچە كارى بولماي ئۇ خەنزۇ بالىغا يەنە ئېسىلىپ خەنزۇچە گەپلەرنى قىلىپ ئۆز ئىشنى قىلغان ئاپتۇر ئارلىقتا ئۇ قىزدىن ئۇيغۇرچە سوئال سورىسا قىزچاق خەنزۇچە جاۋاپ بەرگەن ھەمدە مەن ئۇيغۇر ئەمەس خەنزۇ دەپ ئېيقان .كېيىن يىگىتىگە ئېسىلىپ ۋاگۇندىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئۇ قىز خەنزۇ بالىغا <ھەجەپمۇ زېرىكتىم بۇ ئۇيغۇرلاردىن ھېلىلا ئادەم يەيدىغاندەك چىرايى ، يۇرۇتتا تېخى قۇتۇلالمىسام ھېلى ياغلىق چەك دىگەن ھېلى بۇنى قىل دىگەن دەپ ئۇيغۇر بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان> .............ئاپتۇر بۇ ئىشتىن قاتتىق ئەپسۇسلانغان.........

ئىككىنجى مەسلە: ئاپتۇر شۇ ئارىلىقتا يەنە بىر ۋاگۇندا ئۇيغۇر زىيالى بىلەن ئۇچۇرشۇپ قالغان ھەم مۇڭداشقان، شۇ ئارىلىقتا ئۇ زىيالى ئاپتۇرغا ھاراق ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشنى ئېيتقان ھەم ياندىكى بىرخەنزۇنىمۇ ھاراققا تەكلىپ قىلغان   شۇئارىلىقتا خەنزۇ خوجايىن ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم كەلگەنلىكىنى  شىنجاڭنىڭ مەنزىرسىنىڭ چىرايلىقلىغىنى كېيىن مۇمكىن بولسا شىنجاڭدا كارخانا قۇرماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقان. شۇ ۋاقىتتا  ئۇ ئۇيغۇر زىيالى خەنزۇ خوجايىنغا  بۇندىن كېيىن شىنجاڭغا كەلسە ئۆزىنى ئىزدەش توغۇرلۇقىنى ھەمدە شىنجاڭدا مۇنداق يېڭى بايلىقنىڭ تېپىلغانلىقىنى ئۇ بايلىق بولسا <قىز بايلىقى >ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا خەنزۇ خوجايىن خوش بولۇپ كېيىن كەلگەندە چوقۇم ئۇ ئۇيغۇر زىيالىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى  ئېيتقان.  ئۇ زىيالى شۇ گەپلەرنى دەپ ئاپتۇر بىلەن قىلچە كارى بولمىغان كېيىن ئاپتۇرنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ بۇ سورۇندىن چىقىپ كەتكەن..................

مانا بۇ ئەھۋاللار نىمىنى چۈشەندۇرىدۇ بىرسى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلسا يەنە بىرسى

دۆلەت كادىرى تۇرۇپ شۇ گەپلەرنى قىلسا بۇ نىمە ئىش بولۇپ كەتتى ..................

## سىڭلىم ، مىنى كەچۈرگىن !!! ( ئىچكىرگە يۆتكەلگەن ئۇيغۇر قىزى )

روزاخۇن بوۋاي، ئاقساپ قالغان بىر پۇتىنى سۆرەپ، يەنە سىرتقا ماڭدى. ئەختەم دادىسىنىڭ ئېگىلگەن بەستىگە، ئاقلىقتىن ئۆتۈپ، سارغىيىپ كەتكەن چىگىش ساقاللىرىغا، ۋاقىتسىز كەلگەن دەرت ـ ئەلەملەر چېھرىدە قالدۇرۇپ كەتكەن يول ـ يول قورۇقلارغا، ئۆچەي دەپ قالغان جىن چىراقتەك پىلدىرلاۋاتقان ئۈنسىز كۆزلىرىگە قاراپ، دېمىغى زىڭىلدە ئېچىشتى ـ دە، تامغا قارىۋالدى. ئەگەر ئۇ شۇ تاپتا، ئورنىدىن تۇرالىسا، سۆزلىيەلىسە ئىدى، بىچارە دادىسىنىڭ ئالدىنى توسقان، دادىسىنى كۆرپىدە ياتقۇزۇپ قويۇپ، جىمى جاپا ـ مۇشەققەتنى ئۆزىلا تارتقان بولاتتى. ئەمما روزاخۇن ئائىلىسىگە كەلگەن دىشۋارچىلىقلار بىچارە بوۋاينى مەزگىلسىز قېرىتىۋەتتى. ئەختەمنى ئۆمۈرلۈك پالەچ قىلىپ، ياتقۇزۇپ قويدى. ئايدەك سىڭلىسى مېھرىگۈلچۇ؟ ئۇ ھازىر نەلەردە تىنەپ يۈرىدىغاندۇ؟ مانا كەتكىلى بىر يىل بولاي دېدى. ھېچ خەت خەۋىرى يوق. ئاھ!!الله !! بۇ نېمە كۈنلەر؟!!!

ئەختەم دادىسى كەتكەندىن كېيىن، ئۆپكىدەپ، ئۇزاق يىغلىدى.ئۇ يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ بىچارە دادىسى شۇ تاپتا ئەختەم ئۈچۈن، شەھەرگە تىلەمچىلىك قىلغىلى كېتىپ بارىدۇ، ئەمما 27ياشقا كىرگەن بەردەم بىر يىگىت، قۇراق تەكىيگە باش قويۇپ، تاھارىتىنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ چىقالماي، بىر يېرى ئاغرىسا، ئاغرىدى دېيەلمەي، ھەتتا دادىسىغا ئىككى ئېغىز تەسەللى بېرەلمەي ھايۋاندەك يېتىۋېرىش ئۆلۈمدىن ئېغىر كەن ئەمەسمۇ؟

ئەختەم بېشىنى مىڭ تەستە رۇسلىدى، تورۇسقا قاراپ، جىممىدە خىيالغا كەتتى. بۇ بۇنىڭدىن 10ئاي بۇرۇنقى ئىشلار ئىدى.

ئەختەمنىڭ ئانىسىنىڭ يىل نەزىرىسىنى بېرىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، روزاخۇننىڭ ئۆيىگە كەنت سېكرىتارى كىرىپ كەلدى. ئۇ تەكەللۇپسىزلا سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن يانچۇقىدىن مۇخوركىسىنى ئېلىپ، يۆگەپ تۇتاشتۇرۇپ، بىرنەچچىنى شورىدى. ئانغىچە روزاخۇن بوۋاي نېمىشقىكىن بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمىدى.

ـ ھە...! روزاخۇن، ساڭا دەيدىغان مۇنداق بىر گەپ بار. ـ دەپ گەپ باشلىدى، سېكرىتار گېلىنى قىرىۋەتكەندىن كېيىن، نەلەرگىدۇر قاراپ.

ـ يۇقىرىدىن سىياسەت چۈشتى، يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش

ھەققىدە شەنجاڭ يىغىن ئاچتى. بۇگەپلەرنى دىسەممۇ سەن داڭگال بىزىرىپ ئولتۇرىسەن، ھېچنىمنى چۈشەنمەي.
ـ سېكرېتار جىرتتىدە تۇكۇرۇەتكەندىن كېيىن، روزاخۇنغا قارىدى.

ـ قىزىڭ مېھرىگۈلگە يۇقىرىدىن سان چۈشتى. ئۆگۈنلۈككە بوغجۇمىسىنى تۇگۇپ تەييارلاپ قوي. ئەتىگەندىلا يولغا چىقىدۇ.
سېكرېتار ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، روزاخۇن، داستىخانغا تۇتتى، ئەمما سېكرېتار يەنە بارىدىغان يېرىم بار. دەپ، ئۇنىمايلا چىقىپ كەتتى.

سېكرېتارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن روزاخۇن، تىڭىرقاپ قالغانىدى. يېزا ئېشىنچا ئەمگەك بىرنېمىسىنى بىرنېمە قىلىپ، دېھقانىنىڭ بىرنېمىسىنى كۆپەيتىمىز دەيدۇ؟ مېھرىگۈلگە سان چۈشتى، ...ئۆگۈنلۈككە يولغا چىقىدۇ... بۇ ؟....
شۇ ئەسنادا ئۆزى بىلەن تەڭ يوغان بىر تاغاردا لىق ئوت كۆتۈرۈپ كىرگەن مېھرىگۈل، دادىسىنىڭ چىرايىدىكى غەشلىكنى سېزىپ، دەرھال بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى.
ـ دادا، نېمە بولدۇڭ؟ چىرايىڭ بىرقىسملا تۇرىدىغۇ؟
ـ ھېچنېمە بولمىدىم بالام، ـ بوۋاي چىرايىنى قاچۇردى. بۇنى كۆرگەن مېھرىگۈل تېخمۇ جىددىيلىشىپ قالدى.
ـ ماڭا دېگىنە زادى نېمش بولدى؟ ـ مېھرىگۈل دوستلىرى بىلەن ئوت ئېلىۋېتىپ، مەھەللىدىكى نامرات ئائىلىنىڭ قىزلىرىنى ئېچكىرىگە ئەكىرىپ، زاۋۇتلارغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىكەن...دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈزبېرىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرگەنىدى. مانا ئەمدى، دادىسىنىڭ شۇمشىيىپ ئولتۇرىشىدىن، ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيغاندەك، ئەنسىز بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمىغا يامرىماقتا ئىدى.

ـ سېكىرتار كىرىپتىكەن، بالام. سان چۈشتى. ئۆگۈنلۈككە ماڭىدۇ. دەيدۇ. ـ بوۋاي مۇجمەللا جاۋاپ بەردى.
ـ نېمە سانكەن؟ كىم ، نەگە ماڭىدىكەن؟ ئېنىقراق دېگىنە دادا.
ـ شۇ... مەنمۇ بىلمىدىم بالام. شەنجاڭنىڭ سىياستى ئوخشايدۇ.
ـ سىياسەتنى شەنجاڭ چىقامايدۇ، دادا. سېكرېتار يەنە نېمە دېدى؟
ـ ھېلىقى... ـ بوۋاي گەدىنىنى تاتىلىدى، ـ يېزاكوچىنى سىرتقا چىقىرىپ، بىر نېمىنى كۆپەيتىمىز دەيدۇ. كىرىم دېگەندەك قىلغان راس..
ـ سەن نېمە دېدىڭ؟
ـ بىرنېمە دېمىدىم. ساڭا سان چۈشۈپتۇ.
ـ دادا، بۇ مۇنداق ئىش. ـ مېھرىگۈل ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ، دادىسىغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ـ نامرات ئائىلىلەردىكى

بىكار كىشىلەرنى، بولۇپمۇ قىزلارنى، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ، زاۋۇتلارغا ئورۇنلاشتۇرىدىكەن، مائاش بەرگۈدەك. سېكرېتارنىڭ دېگىنى شۇ، دادا. مەن دوستلىرىمدىن ئاڭلىغان.

ـ نېمە؟ ئىچكىرگە ئاپىرامدىكەن؟

ـ ھەئە دادا.

ـ ئۇنداق بولسا سەن بارمايلا قوي قىزىم... كۆلى دېگەن ئۇ يەرگە كىرىپ كېتىپ، چىقالماي يۈرگەن سەندەلدەك يىگىتلەر كۈرمىڭ دەيدۇ.

ـ مېنىڭمۇ بارغۇم يوق. دادا، سەندىن خوش بۇلاي، سېكرېتارغا دە، مېنى خەتلەپ بەرمىسۇن.

ـ ماقۇل، ماقۇل، مەن ھازىرلا سېكرېتارنى ئىزدەي.

بوۋاي كالچىنى سۆرەپ چىقىپ كېتىپ، كەچتە روھى سۇلغۇن ھالدا، ھويلىغا كىرىپ كەلدى. بۇچاغدا مېھرىگۈل، مېزىلىك ئۈگرىنى ياغاچ ئاياقلارغا ئۇسۇپ قويۇپ، دادىسىنى ساقلاپ، پەش ئايۋاندا ئولتۇراتتى. دادىسىنىڭ خامۇش ھالىتىنى كۆرگەن مېھرىگۈلنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.

ـ قانداق بولدى، دادا؟

ـ سېكرېتار ئۇنىمىدى قىزىم. بۇ سىياسەت دەيدۇ.

ـ نەدە ئۇنداق سىياسەت بار دادا؟

ـ ئەمما قارىشى چىقساڭ، 3000كوي جەرىمانە تۆلەيسە. دەۋاتىدۇ. قانداقمۇ قىلارمەن قىزىم؟

ـ ئاكامغا خەۋەر قىلايلى، قايتىپ كەلسۇن.

ـ توغرا، شۇنداق قىلايلى قىزىم.

ـ دادا، قېنى ئاش ئىچ. سوۋۇپ قالدى.

بۇكۈنلەردە، ئەختەم شەھەردە قۇرلۇشتا، دىلكارلىقتا ئىشلەيتتى. ئائىلىسىنىڭ ئېغىر ئىقتىسادى يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان ئەختەم، تولىمۇ ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان يىگىت ئىدى، گەرچە يېشى 25~26لەرگە بارغان بولسىمۇ، دادىسى ئۇنى ئۆيلەپ قويالمىغانىدى.

روزاخۇن بىلەن مېھرىگۈل يېتىپ قېلىشتى. روزاخۇن ئۇزاققا بارماي، پۈشۈلداشقا باشلىغان بولسىمۇ، ھۇجرىسىدا، بېشىنى بېلەكلىرىگە قويۇپ، خىيال سۈرۈپ ياتقان مېھرىگۈلنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك قىلمايتتى. تىزراق تاڭ ئاتسا، شەھەرگە بارىدىغان بىرەر تونۇش بىلىشتىن خەۋەر ئېيتىپ بەرسە، ئاكىسى ئاڭلىغان ھامان، دەرھال قايتىپ كېلىدۇ ـ دە، بىچارە سىڭلىسىنى بۇ جۇدالىق بورىنىدىن ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ قالىدۇ.

ئەگەر ئاكىسى ئۆلگۈرۈپ كېلەلمىسچۇ؟ مېھرىگۈل ئۆلتۈرىۋەتسىمۇ، كۈلىغا بارمايدۇ. قېچىپ كېتىدۇ. رۇستەمگە دېسە، ئۇنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، يەنىلا ئامان قالىدۇ. رۇستەم! رۇستەم!.. پەرىشتىدەك يىگىت. مانا ئىككى يىل بولدى، مېنى دەپلا نى - نى كۈنلەرگە چىدىدى. ئانام ئاغرىپ، ئەھۋالى ناچارلىشىپ قالمىغان بولسا، سىزنى ساقلاتمايتتىم. دېدى، ئەمما مېھرىگۈلنىڭ ئانىسى، 6ئاي ئىغىر يېتىپ، ئالەمدىن ئۆتتى. ئانىسىنىڭ مۇسىبىتى بىلەن باغرى يارا مېھرىگۈلگە رۇستەم توي توغرىلىق بىرنېمە دېيەلمىدى. مېھرىگۈلنىڭ ئانىسى تۈگەپ يەتتە ئاي بولغاندا، رۇستەمنىڭ دادىسىنى ماشىنا سوقۇۋېتىپ، تۈگىدى. كەينى - كەينىدىن كەلگەن بۇ دىشۋارچىلىقلار تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ تويى كەينىگە چېكىنىۋەردى. مانا ئەمدى، مۇسىبەتلەر بىرئاز ئۇنتۇلۇپ، كۆڭۈل ئارامىغا چۈشەي دېگەندە، بۇ بوران نەدىن چىقتى... ئاھ الله ! ناتىۋان بەندىلىرىڭنىڭ مۇشكۈلىنى زۇلفى - كامالىڭ بىلەن ئاسان قىلغايسەن...

مېھرىگۈل مىژ - مىژ يىغلاپ، قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنىمۇ سەزمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، مېھرىگۈل دادىسىنىڭ ناشتىلىقىنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، قوشنىسىنىڭ كونا ۋېلىسىپىتىنى سوراپ، توپىلاڭ يېزايولىدا پىدالنى كۈچۈپ تېپىپ، ۋىدۇل بېكەتكە كەلدى. تەلىيىگە ساۋاقدېشى خەمىت شەھەرگە(ناھىيە بازى) ماڭغانىدى. مېھرىگۈل ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى. خەمىتمۇ ئەختەمنى ئىزدەپ تېپىپ، خەۋەر يەتكۈزۈپ قوۋيۇشقا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. كۆڭلى بىرئاز تىنغان مېھرىگۈل، قانداق تىز كەلگەن بولسا كەينىگىمۇ شۇنداق تىز ياندى.

ئۇ ئۆيگە كەلگەندە روزاخۇن بوۋاي تېخى جايىنامازدىن تۇرمىغانىدى. ئۇ ھۆپۇلدەپ تەرلەپ كەتكەن قىزىغا قاراپ، كۆڭلى بۇزۇلغان بولسىمۇ، ياش تۆكۈشتىن ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتىۋېلىپ، سورىدى.

- قانداق قىزىم، خەۋەر بېرەلىدىڭمۇ؟

- بەردىم دادا، خەمىت مېڭىپتىكەن، شۇنىڭغا دەپ قويدۇم.

- بوپتۇ قىزىم. مەن ھازىرلا كەنتكە بېرىپ، سېكىلتار بىلەن كۆرۈشەي.

- ماقۇل دادا. بالدۇرراق قايتىپ كېلىڭ.

روزاخۇن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مېھرىگۈل ۋېلىسىپىتنى ياندۇرۇپ، كىرگەندىن كېيىن، تۆۋەنكى مەھەللىگە، رۇستەمنىڭ يېنىغا يۈرۈپ كەتتى.

- نېمە؟! - مېھرىگۈلدىن ھەممە گەپنى ئاڭلىغان رۇستەم، داراڭغىدە چۈشكىلى تاسلا قالغانىدى. دېمىسىمۇ، ئەمدى ئىشلار ئىزىغا چۈشۈپ، كۆڭۈل زېدىلەر قاقاچ باغلاپ تەييار بولغاندا، يەنە نېمە تارتقۇلۇق - بۇ؟

- مېھرى، يىغلىمىساڭچۇ، مەن بار، قورقما. ئەختەمكاممۇ كەچكىچە كېپ قالار، ئەگەر ئۇ كېلەلمىسە، مانا مەن بار.

- رۇستەم، مەن بەك قورقىۋاتىمەن. يالغۇز دادامدىن، مېھرىبان ئاكامدىن، سىزدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇتلاردا، يات مىللەت، يات خەقلەرنىڭ ئارىسىدا تىنەپ يۈرۈشۈمنى ئويلىسام، باغرىم قوقاسقا پۈچىلىغاندەك، تولغىنىپ كېتىۋاتىمەن. - مېھرىگۈل

ئېسەدەپ، گەپ قىلالماي قالدى.

ــ جېنىم مېھرى، خاتىرجەم بول. مەن نىمە قىلسام قىلىپ، سېنى ماڭغۇزمايمەن. جان بىر، قوۋۇرغا ئۈن سەككىز، سېنى كۈلىغا يولغاسىلىپ قويۇپ، بۇ يۇرتتا يۈزۈمنى نەگە قويىمەن. ساڭا قانداق چىدايمەن. ــ ئاچچىقتىن رۇستەمنىڭ چىرايى، سۈپسۈزلا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ زاڭاقلىرىمۇ بىلىنەر، بىلىنمەس تىترەۋاتاتتى.

مېھرى، ئورنۇڭدىن تۇر، ــ رۇستەم قىزنىڭ قولىنى تۇتماقچى بولدىيۇ، ھايا نەپسى يول قويمىدى. چۈنكى رۇستەم، مېھرىگۈلنىڭ ئاكىسى بىلەن كىچىكىدىن باشلاپ، موللامىنىڭكىدە، ھەمساۋاق بۇرادەرلەردىن ئىدى. ــ مېھرىگۈل "نەگە؟" دېگەندەك رۇستەمگە تىكىلدى.

ــ مەن سېنى باشلاپ، كەنتكە بارىمەن.

ــ نېمە قىلىسىز؟

ــ سېكرىتارغا دەيمەن. سېنى ئېۋەتمىسىمۇ، باشقىلار كۆپىۋ، يەنە كېلىپ، توي قىلمىغان بىر قىزنى غىچچىدە ئىمانسىز، ***لارنىڭ ئۇۋىسىغا ئەكىرىپ قويسا قانداق بولىدۇ؟ بۇ ... بۇ مۇسۇلماندارچىلىقتا يات ئىش...

ــ توختاڭ رۇستەم، دادام بايا كەنتكە كەتكەن، بىز بىللە بارساق... ــ مېھرىگۈل يەرگە قارىۋالدى. رۇستەممۇ قىززىغچىلىقتا، "خەقنىڭ ئاغزى" دەيدىغان، يالقۇنسىز ئوتنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ھېسقىلىپ، سەل ئويلىنىپ قالدى.

ــ ئەمسە... زادى...، مېھرى، ــ رۇستەم، بىقۇۋۇللۇقتا جىددىيلىشىپ، دۇدۇقلاپ كەتكەنىدى. ــ توختا، ئەمسە بىز ئالدى بىلەن، داداڭنىڭ خەۋىرىگە قاراپ باقايلى، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلارمىز.

ــ ماقۇل. قىز ئۈمۈدلۈك كۆزلىرىنى رۇستەمگە تىكتى ــ دە، دەرھال يەرباقتى بولۇپ، ئاستا پىچىرلىدى. ــ رۇستەم، مەن سىزگە ئىشىنىمەن، مەن كۈلىغا بارمايمەن، مېنى چۇقۇم قۇتقۇزىۋېلىڭ.

ــ خاتىرجەم بولغىن مېھرى. الله ھ ھەممىنى بىلگۈچى، نىيىتىمىز الله ھقا ئايان، بىزنى تارىبەردە قىستىمايدۇ.

ــ ئەمسە مەن كېتەي، دادامنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگىلى ھېلى كېلىمەن.

ــ بولدى، كېلىمەن، دەپ ئاۋارە بولما، سەل تۇرۇپ مەن روزاخۇن دادامنى يوقلىغاچ، سېنىڭكىگە بارىمەن. شۇچاغدا، دەرقەمتە ئولتۇرۇپ بىرنېمە دېيىشەيلى.

ــ ماقۇل، ئەمسە چوقۇم بېرىڭ، سىز بولسىڭىزمۇ مېنىڭ يۈرىكىمنى پۈتۈن قىلىڭ...

ــ الله ھ خالىسا...

ــ الله غا ئامانەت.

ــ الله غا ئامانەت.

مېھرىگۈل قايتتى. رۇستەم بېشىنى چاڭگاللاپ، باغدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. زادى نېمە قىلىش كېرەك؟ سېكرىتار دېگەن توڭگۇزنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ خەپ، جېنىم ــ تېنىمدىلا بولىدىكەن، مېھرىنى ھەرگىز ماڭغۇزمايمەن.

كەنت تەشكىلىنىڭ يېڭى بىناسى پۈتۈپ، ئەسلىھەلەر بىرقۇر يېڭىلانغاندىن كېيىن، يۇقىرىنىڭ ياخشى سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، كەنت كومىتېتىدىكى بەزى خادىملار قىسقارتىلدى، بەزى خادىملار تولۇقلاندى، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ياچىكا سېكرېتارى، تولۇق ھوقۇقلۇق يەرلىك ھۆكۈمرانغا ئايلاندى. بولۇپمۇ مۇشۇ ئاياغ يانتاق كەنتىنىڭ سېكرېتارى ھېۋىزۇللا يېزا بويىچە نامىبار مۇستەبىت ئىدى. ئۇ ئەزالارنى چىڭ تۇتاتتى، كەنتنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى ئۆزى بىر قوللۇق باشقۇرۇپ، تەشكىللەپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، يېزا ۋە ناھىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىقىنى تىنجى قىلغاچقا، ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىق ئورنى بارغانچە مۇستەھكەملەنسە، مۇستەھكەملەندى، بوشىمىدى. ئۇ كەنت تەۋەسىدىكى، ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشلارنى گەپ بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدىغىنىنى گەپ بىلەن، ئۇ بولمىسا تىل ـ دەشنام بىلەن، ئۇمۇ بولمىسا مىنبىخلارنىڭ قولىدىكى ئالاكالتەك بىلەن كەنتتىن چىقارمايلا ھەل قىلاتتى. سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئانچە ـ مۇنچە ئەرز ـ شىكايەتلەرنىڭ ھىد ـ پۇسىنى بىلگەن ھامان، ئىشنى بېشىدىن ئوڭشايتتى ـ دە، يەنە ئەسكىسى، ئەرزخورلار پۇلاتتى. كەنت تەۋەسىدە، بۇنداق كۆرۈنمەس چوقاتماقتا تولا ئۇسۇپ، قاڭشىرى يېغىر بولۇپ، ياغلىق قاپاقتا ئايلىنىپ قالغانلار كۆپ بولغاچقا، كېيىنكى كۈنلەردە، بۇ كەنت ناھىيە دەرىجىلىك تىنىچ ـ ئامان كەنت بولۇپ، ھېۋزۇللانىڭ مائاشىغا 85يۈەن قېتىلدى.

مەيلى پىلانلىق تۇغۇت بولسۇن، مەيلى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش بولسۇن، يۇقىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى ئەڭ تارتىدىغان ئىشلاردا، ھېۋىزۇللا تولىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كەسكىن، قاتتىق قول سىياسەت يۈرگۈزەتتى. مانا ھازىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار بەس ـ بەستە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، يېزا ـ كەنتلەردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ھەققىدە ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن ماتېرىيال، ھۆججەت ئوقۇۋاتىدۇ، ھەرخىل ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلىۋاتىدۇ. دېمەك بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىسە، چوقۇم كۆزگە كۆرۈنگىلى، باشقا كەنتتىكى ھەققەمسايىلىرىنىڭ ئالدىدا، گېدىيىپ، يۈرگىلى بولىدۇ. ھەتتا مائاشىغا يەنە 50~60 كوي قېتىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئۇ دۈشەنبە كۈنى يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئېچىلغان، مۇشۇ توغرىلىق يىغىندا، مەيدىسىگە مۇشتلاپلا، مانا مەن 20ئەمگەك كۈچى تەشكىللەيمەن. يېزىنىڭ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىشىغا راۋرۇس تۆھپە قوشىمەن، دەپ، سەكرەپلا چۈشتى. يېزا رەھبەرلىرىمۇ بۇ ئاپشاركىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يۈزىنى دائىم يورۇق قىلىدىغانلىقىنى بىردەم كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن، باش لىڭشىتىپ، ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى.

ھېۋزۇللا، بىركېچە ئويلاپ ئاخىرى 23نەپەر قىزنىڭ ئىسمىنى تىزىپ چىقتى. بەش مەھەللە، 274ئائىلىسى بار كەنتكە نىسبەتەن 23دېگەن بۇسان ئانچە چوڭ ئەمەس، ئەلبەتتە. لېكىن مۇشۇلارنىمۇ، بۇگەپكە كۆندۈرمەك، ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بۇنىڭمۇ ئامالى بار، يەنەكېلىپ، يۇقىرىنىڭ ھۆججىتى بار تۇرسا، بىرنېمە دەپ، غىڭشىسا، بۇرنىغا تىقىپ قويىدۇدە.

مېھرىگۈلنىڭ ئىسمى، 3 ـ ئورۇنغا يېزىلدى. 1 ـ ئورۇنغا يېزىلغىنى، كەنتمەسچىتىنىڭ ئىمامىنىڭ يالغۇز نەۋرىسى ، رىسالەت ئىدى. رىسالەت غۇنچە بوي، بوتا كۆز 18ياشقا ئەمدى كىرگەن، مەسۇم قىز ئىدى. ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى بىلەن كېلىنى كۈلغا تىجارەت قىلىمىز، دەپ بىر كىرىپ كەتكەنچە مانا 15يىل بولدى، ھېچقانداق خەت ـ خەۋىرى بولمىدى.

كۆڭلىگە رىسالەتنىڭ جىنى كىرىۋالغان ھېۋىزۇللا، ئۇيەر ـ بۇيەردە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قانات سۆرەپ باققان بولسىمۇ، قىز قەتئى تۇتۇق بەرمىگەنىدى. مانا، ئەمدى بىرنېمە دېگىنىنى مەن بىر كۆرەي. قايىل بولمىسا ئەرىز قىلسۇن، ئەرىز قىلىپ،يەنە كېلىدۇ.

2 ـ ئورۇنغا تىزىلغىنى، مېھرىگۇلنىڭ ساۋاقدىشى، 5 ـ مەللىلىك ئايقىز ئىدى. ئۇمۇ ئەمدى20ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئەمما بىر قېتىم توي قىلىپ، كېلىشەلمەي ئاجرىشىپ كەتكەن، ئىسمى ئايقىز بولغان بىلەن، ئۆزى ئانچە چىرايلىق بولمىغان ھوپ ـ ھوپ ئىدى. ئەمما ئۇ ھالىغا باقماي، ھېۋزۇللانىڭ بەزىبىر تەكلىپىنى رەت قىلدى، سىڭلىسىنى سوراپ قويسا نېمە بوپتۇ، بىرەر قېتىم كۆڭلىنى ئېچىپ قويسا نېمە بوپتۇ. ئەرگە تەگسىمۇ قىلىدىغىنى شۇ. تېخى ئۇنى سەت تىللاربىلەن ھاقارەتلىدى. بۇ بۇزۇقنىڭ ئەمدى كاپىشغىنىنى مەن بىر كۆرەي...

ئەمدى مېھرىگۇلگەكەلسەك، بۇ جىنتەك، ھېۋزۇللانىڭ ئوغلىنى ياراتماي، رۇستەم دېگەن نەدىكى قوڭالتاق قارىمنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۇرىدۇ. كۆرىمىز، قېنى كىم يامان، كىم نوچى؟ تەڭرىنىڭ كۆرگىلى كۆزگە، ئىتكىلى قۇلاققا ھاجىتى يوق. مېنى چۇكۇلداتقانلارنى، مانا ئەمدى الله ئۆزى چۇكۇلدىتىدۇ....

ھېۋزۇللا شۇنداق قىلىپ، بىركۈن زېرىكمەي پالاقلاپ، ئۆيمۇ ـ ئۆي كىرىپ، كەسكىن ئاھاڭدا بۇيرۇق چۇشۇرۇپ چىقتى. ئاندىن شۇ كۈنى كەچتىلا مىنبەڭلارنى يىغىپ، بىرمۇنچە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، ئۆيىگە قايتتى.
ئەمما ئۇ ئەتىسى كەنتكە كەلگەندە، كەنتنىڭ ئالدىدا، ئون نەچچە ئادەم ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىدى. ئۇلار "الله ئۆزى چۇكۇكداتقانلار" ئىدى.

ـ بولمايدۇ. ـ دەپ قولنى سىلكىدى، ئۇ قوپاللىق بىلەن، ئالدىدا چىشى يوق ئاغزىنى ماكىلدىتىپ، ساقاللىرىنى سەكرىتىپ تۇرۇپ سۆزلەۋەتقان ئىمام ئاخۇنۇمغا قاراپ، ـ دېدىمغۇ، بولمايدۇ. بۇ مېنىڭ قارارىم ئەمەس، گېپىڭلار بولسا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە دەڭلار، ئەمما بېرىپ بولۇپ، يانىدىغىنىڭلارنى ئۇنۇتماڭلار ـ ھە!
ـ ئوبدان سېكىلتار، ئىكزلىرى بىلىلا، مەن يالغۇز، قېرى جېنىمغا ھەمراھ بولىدىغان شۇ بىرلا تەۋەرۈكۈم بار، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام، مەن ئۆلمەمدىمەن؟

ـ نېمە؟ ـ ھېۋىزۇللانىڭ گۇنىسىز قوڭۇر كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دېگەنىدى، ـ مەن سىلىنى ئۆلتۇرمەكچى بوپتىمەندە؟ ئاخۇنۇم، سىلىنى ئايىغاننى زادىلا بىلمىدىلە. سىلىەە دەپ قويىاي، سىلىنى ئۆلسۇن دېگەن بولسام، ئۆيلىرىگە يىغىپ، ئوقۇتۇۋاتقان بالىلارنىڭ ئىسمىلىكى بىلەن، سانىنى ساقچىغا دەپ قويسام، سىلىنىڭ ئىككى پۇتلىرى بىر ئۆتۈككە تىقىلىدۇ. ئەمما بىلسىلە، مەن بۇ دورەم سىلىگە، ئالەمچە ياخشىلىق قىلىۋاتىمەن. نەۋرىلىرى ئۇيەردە ئەرگە تېگىۋالمىسىلا،

بىر يىلدىن كېيىن 15~20مىڭ كوينى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. شۇچاغدا بىلىپ قالىلا.

ـ ئەمما سېكىلتار، قىزىم تېخى كىچىك، يەنە كېلىپ قىز بالا تۇرسا...

ـ قىز بالا بولغاچقا، كېيىنلىكىنى ئويلاپ مۇشۇنداق قىلدۇق ئاخۇنۇم. ئويلاپ باقسىلا، سىلىنىڭ ياشلىرى بىريەرگە بېرىپ قالدى. كىچىكىنە قىز سىلىدىن قالسا قانداق قىلىدۇ؟ شۇڭا سىلى كۆپ غەم يېمەي، الله غا ئامانەت. دېسىلە.

ـ ئەمما سېكىلتار...

ـ ئا....هاي....، هېۋزۇللا قولىنى سىلكىدى. ـ نىمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان قېرى ماۋۇ ؟ شۇچە ەەپ قىلىۋاتسام يەنە نېمە سېكىلتار ـ پېكىلتار . ئەگەر ئەۋەتمەيمەن دېسىلە، مانا ماۋۇ ۋىلايەتنىڭ هۆججىتى. هازىرلا بېرىپ، 3000مىڭ كوي ئەكەلسىلە. ئىش ئاسان. ـ ئۇ ئۇستەلدىكى قاچاندۇر بىرزاماندا تاشلىنىپ قالغان كونا بىر هۆججەتنى قولىغا ئېلىپ، ئىمامنىڭ كۆزىگە تىققۇدەك بولۇپ، پۇلاڭلاتتى.

ـ 3000مىڭ كوي!!!؟ ـ بۇنچىۋالا پۇل مەندە نېمە قىلىدۇ دەيلا؟

ـ ئۇنى مەن بىلمەيمەن. ئۆيدە ئوقۇتقان باللارنى بىكارغا ئوقۇتۇۋاتقان ئوخشىماملا؟

ـ يوغسۇ...يوغسۇ...، مەن هۆكۈمەتنىڭ توسقان ئىشنى قىلغىنىم يوق.

ـ نېمە تىنىۋالماقچىمۇ سىلى؟ مۇشۇ ياشلىرىدا يالغان گەپ قىلغىلى ئۇيالسىلىچۇ؟ ئېيست، موللامنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما دېگەن راس گەپ ئوخشايدۇ.

ئىمام سالپىيىپ چىقىپ كەتتى. هېۋزۇللا باشقىلارنىمۇ سىياسەتنىڭ هەرخىل گۇرزىلىرى بىلەن ئۇرۇپ، يۈرىكىنى مۇجۇپ، قويۇپ بەردى.

روزاخۇنمۇ ئۆيگە بېشىنى ساڭگىلىتىپ قايتىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن مېھرىگۇل مىژژىدە يىغلىۋەتتى. چۈشتىن كېيىن، كەنت تەشكىلىنىڭ كانىيىدىن چىقىۋاتقان ئىسىملارنىڭ ئىچىدە، روزاخۇنىنىڭمۇ ئىسمى بولغاچقا، ئۇ بىرەر خوشخەۋەر بولۇپ قالمىسۇن يەنە ـ دەپ ، پالاقلاپ كەنتكە كەلدى. هېۋزۇللا، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، يەنىلا ئالدى بىلەن يۇمشاق، ئاندىن قاتتىق ۋاستە قوللانماقچى بولغانىدى. شۇڭا ئۇ 23 ئائىلىنىڭ ئائىلە باشلىقلىرىنى يىغىپ، بۇ پائالىيەتكە سەپەرۋەر قىلماقچى بولدى.

ـ يولداشلار! ـ دەپ باشلىدى ئۇ گېپىنىڭ بېشىنى. ـ دۆلەت نامراتلارغا هەرخىل يوللار ئارقىلىق ياردەم بېرىۋاتىدۇ. ماناهازىر ****ئۆلكىسى بىزنىڭ ۋىلايىتىمىزنى يۆلەشكە مەسئۇل بولۇپ، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى، كەنت ـ مەھەللىلەردىكى بىكارچى، قىلىدىغان ئىشى يوق، ياكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنالمايدىغان، بەزى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۆز تەۋەلىكلىرىدىكى كارخانا، زاۋۇت، فابرىكىلارغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا يۇقىرى مائاش بېرىپ، بىزنىڭ كىرىمىزنى

ئاشۇرىشىمىزغا ياردەم قىلماقچى بولىۋاتىدۇ. بىزنىڭ مەھەللىگە 23سان چۈشتى. بۇلارنىڭ ئىسمى تۆۋەندىكىچە.

1 ـ رىسالەت كامال.

2 ـ ئايقىز بەردى.

3 ـ مېھرىگۈل روزى.

4 ـ .....

...

ھېۋزۇللا ئىسمىلىكنى ئوقۇپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، گېلىنى قىرىپ، تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ، تاماكا ئوراپ، بىرنەچچىنى شورىۋالغاندىن كېيىن، ئىسنى بۇرۇن، ئېغىزلىرىدىن تەڭ چىقىرىپ تۇرۇپ، گېپىنى داۋام قىلدى.

ـ مۇشۇ قىزلار الله يىم بۇيرىسا ئەتە ئەتىگەن ناھىيىگە، ئەتە كەچتە ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىدۇ. ئەمدى ھەرقايسىڭلارنى خوش بۇلامدىكىن دېسەم، ئەتىگەندە بىرنەچچىڭلار قارىشى قوپۇپ كەپسىلەر. كۆڭلۈڭلارنى چۈشىنىمەن. بالا دېگەنگە چىدىمايدىغان گەپكەن. لېكىننە، خاتىرجەم بولۇڭلار، يېزىدىن بىر كادىر، ناھىيىدىن بىر كادىر، ۋىلايەتتىن ئىككى كادىر ئۇلارنى قوغداپ ئاپىرىپ، ئەكىلىدۇ. ئۇلار قىزلارنى ئۇيەرگە تاشلاپ قويۇپلا كەلمەيدۇ. بەلكى، قىزلاربىلەن بىللە، بىرىيىل شۇيەردە بىللە تۇرىدۇ. كەلگەندە بىللە كېلىدۇ. سىلەر خاتىرجەم بولساڭلار تامامەن بولىدۇ. مانا بۇ، ـ ئۇ ئەتىگەندە ئىمام ئاخۇنۇمغا كۆرسەتكەن خەنزۇچە ھۆججەتنى قولىغا ئالدى. ـ قارىشى چىققانلار 3000كوي تۆلەيدۇ دېگەن ئۇقتۇرۇش. بۇنى مەن يازالمايمەن. مانا ماۋۇ، ۋىلايەتلىك پارتىكوم، كۆكۈمەتنىڭ تامغۇسى. ماۋۇ ج خ ئىدارىسىنىڭ تامغۇسى. بۇدېگەن سىياسەت. سىياسەتكە قارىشى چىققان ياخشى ئەمەس. شۇڭا ھازىرلا بېرىپ، تەييارلىق قىلىڭلار. ئاندىن ئەتە ئەتىگەن ناھىيىدىن ماشىنا كېلىدۇ. الله غا ئامانەت دەپ، يولغا سالىمىز.

ھېۋزۇللا ئۇزۇن نۇتقىنى تۈگىتىپ، يىغىلغانلارنى تارقاشقا بۇيرىدى. ئۇ گۇدۇڭلىشىپ، چىقىپ كېتىۋاتقانلارغا قاراپ، روزاخۇن بىلەن ئىمامنى توختىتىۋالدى. ئىشخانا تىنجىغاندىن كېيىن، ھېۋزۇللا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقىغا كېلەڭسىز گەۋدىسىنى تاشلاپ، سالاپەتلىنىپ ئولتۇرىۋالغاندىن كېيىن، نەلەرگىدۇر قاراپ گەپ باشلىدى.

ـ ئەمدى ئاخۇنۇم، گەپلىرىمنى ئاڭلىدىلا، قانداق بىر قارارغا كېلەلىدىلىمۇ؟ ئۇ ئىمامغا تىكىلدى.

ـ ئەمدى سېكىلتار، دېگەنلىرىنى ئوبدان تىڭشىدۇق، مەنغۇ سىياسەتكە قارىشى چىقماقچى ئەمەس، لېكىن رىسالەتخان كەتسە، قىينىلىپ قالىمەنمىكىن ـ دەپ ئەنسىرەيمەن دېسىلە، شۇڭا...

ـ شۇڭا سىلى تولا دىلغۇلا بولماي، خاتىرجەم بولسىلا. بۇ ئىشقا ھۆكۈمەت ئىگە تۇرسا، يەنە كېلىپ سىلىنىمۇ ھۆكۈمەت بېقىۋاتىدۇ. بىر يىل دېگەن تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ـ ئەمما....

ـ يەنە نىمە ئەمما؟ بولدى.... قېرىغاندا كاللىلىرى ئىشلىمەيدىغان بوپ قالدىمۇ نېمە؟ شۇنچە گەپ قىلسام يەنە ئەمما.... ـ ھېۋزۇللا روزاخۇنغا قارىدى،

ـ ھە سىلىچۇ؟ سىلىنىڭ كاللىلىرىدىن ئۆتكەندۇ؟

ـ ئۆتتۇشغۇ ئۆتتى. لېكىن قىزىمنىڭ توينى قىلىۋالاي دېگەن، رۇستەم بالىمۇ بەك ئۇزۇن ساقلاپ كەتتى،شۇڭا...

ـ تۇۋا! روزاخۇن! سىلى قىزلىرىدىن شۇنداق زېرىكىپ كەتكەنمۇ؟ مېھرىگۇل تازا كىرسە 19~20لەرگە كىرگەندۇ؟ ئۆتكەندە سوراپ بارسام تېخى كىچىك دەۋاتامتىلە؟

ـ بۇ... بۇ...، ئەمدى سېكلتار، ئۇ كۆڭلەردە بېشىمىزدا مۇسىبەت بار، شۇڭا...

ـ بولدى، تىل چاينىمىسىلا. سىلىگە كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدىم، ئەختەمنىڭ بوگۇنكىدەك خاتىرجەم يۈرىشىمۇ مېنىڭ سىلىگە قىلغان ياخشىلىقىم، بۇنى سىلى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەسقۇ؟

ـ ئۇغۇ شۇ، سىلى بولمىغان بولسىلا بىچارە بالا نېمىشلارنى قىلىپ يۈرەتتىكىن تاڭ...

ـ شۇ ئەمەسمۇ؟ ـ ھېۋزۇللا دەرھال تارىنى بوشاتتى. ـ ئەمدى قارىسىلا روزاخۇنكا، بۇ قېتىم سىلى ھەرگىز زىيان تارتمايدىلا. بىر تىل ئىچىدىلا 15~20مىڭ كوينىڭ ئېگىسى بوپ قالىلا. قىزلىرىمۇ يۇرت كۆرۈپ، كاللىسى ئېچىلىدۇ. بۇنىڭ دېھقانلىرغا پايدىسى ھەققەتەن كۆپ، سىلى قارا تۇرۇك ئادەم، بەززى ئىشلارنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيلا، شۇڭا مۇشۇنداق ئارسالدى بولىدىغان گەپ.

ـ ئەمما ئەختەم ئۇنىماسمىكىن، ئۇبالا...

ـ ئۇبالا نېمە بوپتۇ؟ ھەرنېمە دېگەن بىلەن سىلىنىڭ ئوغۇل ئۇ، گەپ ئاڭلاتسىلا... بولمىسا بېقىنىغا ئۇسكەن پۇل بولسا، ھېلىلا 3000كوينى ئەكىلىپ بېرىپ، ئىشنى قىلسا ھەممىمىزگە ياخشى ئىدى. ئەمما سىلىدە ئۇنداق جىق پۇل يوقتە...

ـ ھەي.... روزاخۇن بېشىنى چاڭگالالاپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

ـ بولدى، ئۇنداق قىلىشماڭلار. خاتىرجەم بولۇپ پارتىيە، ھۆكۈمەتكە ئىشىنىڭلار

.

ھېۋزۇللا ئۇلارنى ئورنىدا قىمىشىپلا خوش دېدى. ئۇ ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىر ئىشنى خام قىلغانلىقىنى ئويلاپ، قوشۇمىسى مىژژىدە تۇرۇلدى. توغرا، ئەختەم بىلەن رۇستەم بۇ ئىشقا قول تىقىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ھىم! بۇنىڭ يولىمۇ ئاسان، ئەختەم بىلەن رۇستەم ئىككىلىسى، ساقچىخانىنىڭ دەپتىرىگە ئەنگە ئېلىنغان، سىياسى جەھەتتە نوقتىلىق چىرىنىدىلەر، ئۇلارنى بوگۇنلا بىرتەرەپ قىلىش كېرەك. رۇستەمنىڭغۇ ئاسان، ئەمما، ئەختەم دېگەن سولتەك شەھەردە، ئۇنى.... توختا، ئۇ بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ ھەقاچان بوگۇن كېلىدۇ. ئا سوجاڭغا تېلفۇننى بىرلا جىرىڭلاتسا، ئۇلار بوگۇن كەچتىلا ھەپسىگە چۈشىدۇ ـ دە، قوۋرۇقى چىۋىسىگە تىقىلىدۇ. توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك.

ھېۋزۇللا كونا يانفۇننى چىقىرىپ، "تورۇك ـ تورۇك"قىلىپ بىرنەچچە نومۇرلارنى توغرىلىغاندىن كېيىن،

خۇشامەتكويلۇق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

ـ ۋەي ئا سوجاڭما، ياخشى، تىنجىئامان تۇردىلىمۇ؟ مەن ھېۋزۇللاخۇن.

ـ خوش، خوش ، ياخشى، ئۆي ئىچى تىجلىقتۇ؟

ـ خوش، خوش...

ـ مۇنداق بىر خەۋەر باتتى، ھېلىقى قاشقىسى بار ئىككى ياۋايى يەنە قانداقتۇر بىر شۇملۇقلارنى قىلىۋاتقانمىش، ئەختەم دېگەن غورا قاپاق بۇگۈن شەھەردىن كېلەرمىش، بىرەر شۇملۇقنى مەسلىھەت قىلامدىكىن، ئەختەمنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، سۆھبەت قۇرىدىكەن، شۇنى...

ـ ھە ماقۇل، ماقۇل ، خاتىرجەم بولسىلا، مەن مىنبىڭلارنى ئورۇنلاشتۇراي، ئۆزلىرىمۇ كېلەملا، يا...

ـ خوش، خوش، ئەمسە ئۇلار ھەممىسى يىغىلغاندا مەن ئۇچۇرنى قىلاي. ماقۇل...ماقۇل... خوش...

ھېۋزۇللا تېلفۇننى قويۇپ، بېشىدى شەپكىسىنى، سىڭايان قىلىپ، تاقىر بېشىنى تاتىلاپ، كۈلۈپ قويدى.

مېھرىگۇل پېشايۋاندا دادىسىنى ساقلاپ ئولتۇراتتى، ئىشىك تاراقىدە ئېچىلىپ، رۇستەم كىرىپ كەلدى. ئۇ مېھرىگۇلنىڭ سۇلغۇن چىرايىغا قاراپ، كۆڭلى بۇزۇلدى بولغاي، چىرايى دەرھال ئۆزگەردى.

ـ روزاخۇنكام كەلمىدىمۇ؟ ـ سورىدى رۇستەم، تەقەززالىقنى يۇشۇرالماي.

ـ ياق، بىزنىڭ غىچە كەلمەيۋاتىدۇ. نېمىشلاربولغىنىنى بەكمۇ بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

ـ جىددىيلەشمە، چاتاق چىقمايدۇ.

ـ چىقىپ قالسىچۇ؟ مەن قانداق قىلىمەن؟

ـ مەن بار، ئەختەمكام بار، نېمىدىن قورقىسەن؟ ئۇنداق يامان خىياللارنى قىلما، بۇلامدۇ؟ سەن بۇنداق خامۇش بولىۋالساڭ، مەن پەقەتلا چىدىمايدىكەنمەن. ـ رۇستەم بۇگەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، قىزىرىپ كەتتى.

ـ قېلىن، ـ مېھرىگۇلمۇ دومسىيىپ، يەرگە قارىۋالدى.

رۇستەم بىرنېمە دەي، دەپ ئېغىزىنى ئۆمەنلەپ تۇرىۋىدى، روزاخۇن بىلەن ئەختەم تەڭ كىرىپ كەلدى، ئۇلار ئىشىك ئالدىدىلا ئۇچراشقانىدى. ئېگىز، تەمبەل، كۆكرەكلىرى كەڭ، چاسايۈز، قويۇق قاشلىرى ئاستىدا چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، ھەققى مەردلىك نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، بۆرتۈپ چىققان يوغان بېلەك مۇسكۇللىرىدىن قاۋۇل، كۈچتۈڭگۈر دېھقان ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدىغان ئەختەم، سىڭلىسى مېھرىگۇلگە تولىمۇ ئوخشايتتى. رۇستەم قەدىناس بۇرادىرىنى، ھەمدە كەلگۈسىدىكى قېيناكىسىنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. ئۇلار سۇپىدىكى كونا كىگىز ئۇستىگە جايلاشقاندىن كېيىن، مېھرىگۇل داستىخان كۆتۈرۈپ چىقىپ، چاي قۇيۇپ، نانلارنى ئۇشتۇپ قويۇپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ، قۇلىقىنى سىرىتتىكى پاراڭغا دىڭلاپ ئولتۇردى.

ـ دادا، نەدىن كېلىشىڭ؟

ـ كەنتتىن، مەجلىس بار ـ دەپ، كانايدا توۋلىغانتى.

ـ نىمە گەپكەن؟ ـ چاي ئوتلاپ ئولتۇرغان ئەختەم ئالدىراپ سوراۋاتاتتى.

ـ نىمە گەپ بولاتتى بالام، سىڭلىڭنى كۆلىغا ئەۋەتىدىكەنمىز.

ـ نىمە؟ ـ ئەختەمنىڭ چىرايى ئۆڭدى، ئاغزىغا ئاپارغان پىيالىمۇ شۇيەردىلا توختاپ قالدى. ـ نىمە دەپ ئەمدى؟

رۇستەم ئىشلارنى بىرقۇر چۈشەندۈردى، ئەختەم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، نىمە دېيىشىنى، نىمە قىلىشىنى زادىلا بىلەلمىدى. ئەمما نىمىلا بولمىسۇن، كىكتەكتەك بىر ئوغۇل بالا تۇرۇپ، ئۆزىسىڭلىسىنى يالغۇز ياقا يۇرتلارغا يولغا سېلىپ قويۇپ، بۇ يۇرتتا قانداق ياشايدۇ؟ جامائەت بىلەن قانداق كۆرۈشىدۇ؟ ساتىراچخانىغا نىمەدەپ كىرىدۇ؟ ئۇنداق قىلغۇچە، ساقال ـ بۇرۇتىنى چۈشۈرىۋېتىپ، ئۇسما قويۇپ، كوچىغا چىقىش تېخىمۇ ئاسانراق!!!

ـ ئەختەمكا. . . ـ رۇستەم جىمىپ كەتكەن ئەختەمگە يېلىنغاندەك مۆلدۈرلەپ قارىدى. ئەختەم دادىسىغا تىكىلدى.

ـ دادا، سەن نىمە دەپ جاۋاپ بەردىڭ؟

ـ ئۇنىمىدىم، ئەمما سېكىلتار بىرمۇنچە چۈشەندۈردى، مەن يەنە ئۇنىمىسام، 3000كوي تۆلىسەڭ، قىزىڭ بارمايدۇ، دەيدۇ.

ـ نىمە؟ 3000كوي!! بۇنچىۋالا كۆپ جەرىمانە قويامدىكەن؟

ـ ھۆكۈمەتنىڭ تامغۇسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ شۇنداق دەۋاتسا،

ـ ئۇنداق قاملاشمىغان، خەقنىڭ يۈرىكىنى غاجىلايدىغان ھۆكۈمەتنىڭ كۆتىگە ئېشەك تەپسۇن.

ـ بالام ئۇنداق دېمە. ھېلىمۇ ئاشۇ ئاغزىڭدىن تولا دىشۋارچىلىققا قالدىڭ، ئەمدى يەنە بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، مەن كۆتۈرەلمەيمەن.

ـ بىراق دادا، سەن ئۇنداق دېگەن بىلەن، سىڭلىمنى مانا ـ دەپ قوشقوللاپ تۇتقۇزۇپ قويساق، ئاندىن خوش بولىدۇ، ھېۋىز دېگەن توڭگۇز.

ـ ئەختەمكا، قان قىززىقلىق قىلمايلى، كەچمۇ بولاي دەپ قالدى، مەن ئاغىنىلەرنى يىغىپ كەلسەم، بامەسلەھەت بىر ئىش قىلساق بولامدىكىن.

ـ ماقۇل ـ ،دېدى، ئەختەم سەل ئويلانغاندىن كېيىن، ـ ئەمسە رۇستەم، سەن بېرىپ، بۇرادەرلەرنى بىزنىڭ ئۆيگە چاقىرىپ قويۇپ، قايتىپ كەل، نامازشامدىن كېيىن كەلسۇن، كېچىچە ئويدان ئولتۇرۇپ، بىر مەسلىھەت قىلايلى، ئاندىن بىر ئىش قىلارمىز.

تۈن قاراڭغۇلىقىدا، تىرىۋۇگىسىنى ۋىڭشىتمايلا كەنتكە كىرىپ كەلگەن ساقچىخانىنىڭ مەخسۇس سىرلانغان "سانتانا"سى، روزاخۇننىڭ ئۆيى ئالدىدا توختاش بىلەن تەڭ، ماشىنىدىن ئېتىلىپ چىققان تۆت ساقچى ھويلىغا باستۇرۇپلا كىردى دە، ئەختەم، رۇستەم، ۋە ئۇلارنىڭ ئۈچ ئاغىنىسىنى، يەرگە مىقتاپ تۇرۇپ، قوللىرىغا كويزا سېلىپ، سىرتقا ئېلىپ

مېڭىشتى. ئۇلارنى سىرتقا ئېلىپ چىققاندا، "سانتانا"نىڭ كەينىدىن يېتىشەلمەي، ئارقىدا قالغان "سۇڭخۇا جىياڭ" يېتىپ كەلگەنىدى. بەشەيلەن "سۇڭخۇا جىياڭ"غا كەينى ـ كەينىدىن چىقىرىلدى. ئۇلار، نېمىش بولدى؟ نېمىشقا بىزنى تۇتىسلەر؟ بىز نېمە قىپتۇق؟ دېگەندەك گاڭگىراش ئىلكىدە سورالغان سۇئالغا رنىڭ ھەممىسى جاۋابسىز ئىدى. ئۇلار تېپىرلىسا، مۇش ـ تېپىك بىلەن بىردەمدىلا جىملەپ قويۇشاتتى. باياتىن تاپ ئىزدەپ يۈرگەن لالما ئىتتەك، شەپىسىزلا كەلگەن ماشىنىلار ئەمدىلىكتە، بار ئاۋازىنى قويىۋېتىپ، ئۆز غەلىبىسىدىن ئۆزى مەمنۇن بولۇپ، قويۇندەك يۈرۈپ كەتتى. ھېۋزۇللا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان مىنبىڭلار، روزاخۇن بىلەن مېھرىگۈلنى كەنت تەشكىلىگە يالاپ ئەكەتتى.

تاڭ ئاتارغا يېقىن، ھېۋزۇللا روزاخۇن بىلەن مېھرىگۈلنى سولاپ قويغان كونا ئوتۇنخانىغا كىرىپ كەلدى.

ـ ھە... روزاخۇن! نېمە گەپ بۇ؟ ـ ئۇنى ئەلپازى تولىمۇ سۈرلۈك ئىدى. ئەختەمنى خېلى جىمىپ قالدىمىكىن دېسەم، يەنە پىتراپ يۈرۈپتۇ ئەمەسمۇ؟

ـ ئۇنداق ئەمەس سىكىلتار، ...

ـ ھە قانداق؟ دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە قارىشى چىقىپ، بويۇنتاۋلىق قىلغانلارنى ھۆكۈمەت شۇنداق بىردەمدىلا تېپىۋالىدۇ. سەل تۇرۇپ، مېھرىگۈل ناھىيىگە ماڭىدۇ، بېرىپ، بوغجۇمىسىنى ئەكىۋالسۇن، سىلى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسىلا. ھېۋزۇللا ئۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى. مېھرىگۈل بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. روزاخۇننىڭمۇ كۆز جىيەكلىرى ياشقا لىققىدە تولغانىدى. ئەختەم نەدە، نېمە كۈلپەتكەرنى تارتتىكىن؟ بۇ بالا ئازراق ناھەق گەپ ـ سۆزگىمۇ سۈكۈت قىلىپ ئۇلتۇرمايتتى، مىجەزىنىڭ چۇسلۇقى بىلەنمۇ قاشقىلىق بۆرە بوپ قالغان، مانا ئەمدى نېمىشلار بولار؟ قىزى مېھرىگۈلچۇ؟ ئۇ ئەمدى دىنسىز، تىلسىز، ***لار ئارىسىدا، ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ، كۈلپەتلەرگە يەم بولارمۇ؟ رۇستەمجان نېمە قىلار؟ نېمە بوپ كېتەر. ئاھ! الله !!! بۇ زۇلۇملارنىڭ چېكى زادى نەدىدۇ؟

ساقچىلار ئەختەم قاتارلىقلارنى ماشىنا بىلەن يېزىلىق ساقچىخانىغا ئەپ كېلىپ، سوراقنى باشلىۋەتتى.

ـ نېمە ئىشنى مەسلىھەت قىلىشاتتىڭ؟

ـ سەن شەھەردە ئىشلەۋاتقان ئادەم، نېمە دەپ كېچىدە بۇيەردە پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟

ـ بۇلارنى ئۆيۈڭگە يىغىپ، نېمە تېرورلۇق پىلانلىرىنى تۈزۈشتۈڭ؟

ـ باشقا ئەزالىرىڭ نەدە؟ نېمىش قىلماقچى؟

ـ سەنلەر قانداق ئالاقىلىشىسەن؟

ـ كىمنى ئۆلتۈرمەكچى؟

ـ كىمنىڭ ئۆيىگە ئوت قويماقچى؟

ـ سەن شەھەردە قانچىلىك ئەزا توپلىدىڭ؟

ـ ئۇلارغا قانداق تېرورلۇق ئىدىيىسى سىڭدۈردۈڭ؟

...

بىر بىردىن ۋەزنى ئېغىر، گۈرزىدەك سۇئاللار بۇ يىگىتلەرنى تىن ئېلىشقىمۇ پۇرسەت بەرمەي، تۆپىلەپ چۈشۈۋەردى. راستىنى دېسە، ھېچكىم ئىشەنمىدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن، "ئا سوجاڭ" كىرىپ:

ـ ئىقرار قىلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، سوراقچىغا قاراپ.

ـ ياق سوجاڭ، بۇ خاۋارىسلار نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ، ئادەم كولدۇرلىتىۋاتىدۇ.

ـ شۇنداقمۇ؟ سوجاڭ دېمىغىدا كۈلۈپ قويدى. بوپتۇ، سەن چىقىپ دەم ئال. بۇلارنى ئۆزەم سوراق قىلىمەن.

ساقچىخانىدا خالىغانچە ئادەم ئۇرۇپ، تاياق يېگۈچىنىڭ نالا ـ پەريادلىرىغا خۇمار بولۇپ كەتكەن ئىككى غالچا ئالدى بىلەن رۇستەمنى "سەگىتىپ قويدى" رۇستەم ھوشىدىن كېتىپ، يىقىلغاندىن كېيىن، ئەختەمنى "سەگىتمەكچى" بولۇشىدى، ئەختەم ئورنىدىن تۇرۇپلا بىرىنىڭ بېقىنىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تېپىۋىدى، ئۇ يىقىلىپلا، قوپالمىدى.

ـ ھۇ ھايۋانلار! ـ ئەختەم بۇ ناھەقچىلىككە زادىلا چىداپ تۇرالمىغانىدى. ـ نەرىڭ ساقچى سەنلەرنىڭ! قايسى قانۇندا بېكاردىن بېكار ئادەم ئۇرسا بولىدۇ؟ دەپ بەلگىلىمە بار؟ بىز نېمە قىپتۇق؟ ئالدى بىلەن بىر نېمە دەپ، ئاندىن نېمە قىلساڭ قىلىشامسەن؟ ھۇ چوشقىنىڭ كۈچۈكلىرى!!!

ـ سېلىڭلار بۇ گەدەنكەشنى، ئۆلۈپ قالسا مانا مەن ئېگە! ـ سوجاڭ تامغا يۆلەپ قويۇلغان ئىشكاپتىن ئىككى تال توك كالتىكىنى ئېلىپ، غالچىلارغا تاشلاپ بەردى، ئېگىسىنىڭ "كۇش ـ كۇشى"نى ئاڭلىغان بۇ مەخلۇقلار ئەختەمنى قارا ـ قويۇق دۇمبالاشقا باشلىدى. بەدىنىگە تارىغان يۇقىرى بېسىملىق توكنىڭ تەسىرىدىن پۇتلىرىنى باشقۇرالمىغان ئەختەم، يەرگە پالاققىدە يىقىلدى. ئىككەيلەن ئۇرا ـ ئۇرا، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندىلا ئاندىن توختاپ، سوجاڭغا قارىدى.

سوجاڭ ئۇلارغا قول ئىشارىسى قىلىپ، سوراقخانىدىن چىقىپ كېتىشتى. ئەختەم بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىنگەن باشقا ئۈچ يىگىت يەنە بىر ئۆيگە سولانغان بولۇپ، ئەختەم بىلەن رۇستەمنى ئۇرۇپ، كۆڭلى بىر ئاز ئارام تاپقان سوجاڭ ئۇلاردىن بىرنەچچە ئېغىز گەپ سوراپلا، بولدى قىلدى.

ئەختەم ئەتىسى چۈشتە كۆزىنى بىر ئاچتى، ئەمما ھېچنېمە دېمىدى. ئانغىچە سوراقخانىغا ھېچكىم كىرمىدى. رۇستەمنىڭمۇ باش_كۆزلىرى كۆك ـ ئىششىق بىلەن تولۇپ كەتكەچكە، ئۆزىنىڭ ھالى بىلەنلا قالغانىدى.

چۈشتە ئىككى دانە نان كۆتۈرۈپ كىرگەن بىر ساقچى، قانغا مىلىنىپ ياتقان ئەختەمنى كۆرۈپ، چۆچۈپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى نانىنىمۇ چۆرىۋېتىپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئەنە شۇچاغدىلا رۇستەم، ئېغىز ـ بۇرنىدىن قان يېنىپ، سۇنايلىنىپ ياتقان ئەختەمگە قاراپ، يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. چۈنكى ئەختەم تىلىنى مەھكەم چىشلىۋالغان بولۇپ، چىرايى

ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ تۇراتتى. رۇستەم لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان پۇتىنى سۆرەپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، قولىنى بۇرنىغا تەگكۈزۈپ كۆڭلى تىنغاندىن كېيىن، مىڭ تەستە ئۆرە بولۇپ، ئىشىكنى مۇشلاشقا باشلىدى.

ـ هوي مۇناپىقلار! ئىشىكنى ئاچ ! ئادەم ئۆلىۋاتىدۇ! ئىشىكنى ئاچ دەيمەن!!!

ئانغىچە يېزىلىق شىپاخانىنىڭ يەتتە كىشىلىك كىچىك ماشىنىسى ساقچىخانا ئىچىدە توختاپ، ئۈچ دوختۇر ئەختەمنى ماشىنىغا سېلىپ ناهىيىلىك دوختۇرخانىغا، رۇستەمنى ئىككەيلەن قولتۇقلاپ يېزىلىق شىپا خانىغا ئېلىپ كېتىشتى

ناهىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ هەرخىل دورا ـ ئوكۇل ۋە دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىنىڭ قاڭسىق هىدى لەيلەپ يۈرگەن تار، ئۇزۇن كارىدورىدا ئەختەمنى نوسولكىغا سېلىپ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىككى دوختۇر، ئۇنى تەكشۈرۈش ئۆيىگە ئەكىرىپ، كارۋاتتا ياتقۇزدى. باشقا دوختۇر ـ سېستىرالار پالاقلىشىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا هەرخىل ئوكۇللارنى سالدى، پۇت ـ قوللىرىنى توختىماي ئۇۋۇلاشتى. ئاسما ئوكۇللارنى ئېسىشتى. تەخمىنەن ئىككى سائەتلىك پالاق ـ پۇلۇقتىن كېيىن ئەختەمنىڭ ئەهۋالى نىسبەتەن تۇراقلاشقان بولسىمۇ، پۈتۈن بەدىنىدە سېزىم يوق ئىدى.

كەچتە ئەختەمگە مەسئۇل دوختۇر ئۇنى ئېلىپ چىققانلارنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ،

ـ بىمارنىڭ ئەهۋالى قارىماققا ياخشىدەك تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بەك خەتەرلىك. باش سۆڭىكى سۇنۇپ، چوڭ مېڭە پوستىلىقىنى بېسىۋالغاچقا، پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك ۋاقىتلىق پالەچ بولغان. تېزدىن ئوپېراتسىيە قىلىپ، مېڭىگە پېتىۋالغان سۆڭەكنى ئەسلىگە كەلتۈرسەك، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدۇ. سىلەر دەرهال بىمارنى ۋىلايەتكە، ياكى ئۈرۈمچىگە يۆتكەشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭلار. ـ دەپ، يولغا سالدى.

* * *

ئەختەمنى ئېلىپ ماڭغان يېزىلىق شىپاخانىنىڭ ماشىنىسى، ساقچىخانىدىن چىقىپ ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا، يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ كەڭ سەينالىق قوروسىدىن قوزغالغان ئىككى دانە چوڭ، هەشەمەتلىك يولۇچىلار ئاپتۇبۇسىمۇ ناهىيە يولىغا قاراپ ئىلگىرلىمەكتە ئىدى. ماشىنىڭ كەينىدىن بىرپۈتىنى سۆرەپ، ئىششىپ، كۆكۈرۈپ كەتكەنلىكتىن بىركۆزىنى زادىلا ئاچالماي قالغان رۇستەم خېلى بىر يەرلەرگىچە قوغلاپ، مادارىدىن كېتىپ، يەردە تىزلىنىپ قالدى. تولا ۋارقىراپ، بوغۇلۇپ قالغان ئاۋازى بىلەن ئېچىنىشلىق نىدا قىلدى. ئۇنىڭ بۇ نىدالىرى، ئاپتۇبۇسنىڭ چاقلىرى ئارىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ توزانلار ئارىسىدا ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا بېسىقىپ قالدى.

ـ ئاھ الله !!! بۇ نېمە تارتقۇلۇق!!!، نېمە كۆرگۈلۈك!!! مېهرى! مەن سېنى چوقۇم تاپىمەن!!!...

ئانغىچە هېۋزۇللا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بىرنەچچە مىنبىڭ ئۇنى سۆرەشتۇرەەن پېتى چاڭ ـ توزانلار ئارىسىدىن ياندۇرۇپ

كېلىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىشتى.

ئەتىگەندە ئۇچمىنبىخنىڭ يالاپ مېخشى بىلەن، ئۆيىگە كېلىپ ساندۇقتىكى پۇل، ۋە بىرنەچچە قۇر كېيىم ـ كېچەكنى كونا ياغلىقا چىگىپ چىققان مېھرىگۇل، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇرغان ياشلىرىنىمۇ سۈرتمەستىن، مىنبىخلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ، كەنىت تەشكىلىگە كەلدى. ئىككى يۈرەك پارىسىنىڭ دەردىدە، بولۇپمۇ ساقچىلار تۇتۇپ كېتىپ، ھازىرغىچە خەۋىرى بولمايۋاتقان ئەختەمنىڭ ئەندىشىسىدە، يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتكەن روزاخۇن ئەرلىك غورۇر، يەنە بىرنېمە، دېگەنلەرنىمۇ بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، مېھرىگۇلنى قۇچاقلاپ، ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. دادىسىنىڭ بۇ ھالىدىن ئىچى سىيرىلغان مېھرىگۇل، كۆزياشلىرىنى ئىچىگە يۇتىۋېتىپ، دادىسىغا تەسەللى بەردى.

ـ يىغلىماڭ دادا، نېمىگە بۇنچە قىلىسىز؟ مەن كەتسەم، يەنە كېلىمەنغۇ. بىر يىل دېگەن قانچىلىك گەپ ئىدى، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. سىز ھەرگىز يىغلىماڭ دادا. سىز بۇنداق قىلىسىڭىز مەن قانداق خاتىرجەم ماڭىمەن؟ ـ ئۇنىڭ كۆزلىدىن سىرغىغان بىر تامچە ياش، قاشتېشىدەك سۈزۈك مەڭزىدە توختاپ قالغانىدى.

ـ كەچۈرۈڭ قىزىم! ـ روزاخۇن كاكىراپ قالغان ئاۋازىنى تەستە چىقىرىپ، سۆزلەۋاتاتتى. ـ مەن دادىڭىز تۇرۇپ، سىزنى بۇ زۇلۇمدىن قۇتقۇزالمىدىم، ئاكىڭىزنى قوغدىيالمىدىم. ئۇ بىچارە نېمە بوپ كەتكەندۇ؟... ـ ئۇ يەنە ھۆڭگىرەشكە باشلىدى. دادا ـ بالا ئىككەيلەن بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ يەنە قانچىلىك تۇراتتىكىن تاڭ؟ تاراڭلاپ كىرىپ كېلىشكەن ئىككى مىنبىڭ مېھرىگۇلنىڭ قولتۇقىدىن تارتىپ، دادىسىنىڭ مۇھەببەتلىك، ئىللىق باغرىدىن يۇلۇپ ئالدى ـ دە، مېھرىگۇلنى قويۇپ بەرمەيۋاتقان روزاخۇننىڭ مەيدىسىگە بىرنى تېپىپ، دۇمۇلىتىۋېتىپ، مېھرىگۇلنى سۆرەشتۈرۈپ، سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

كەنىت قورۇسىغا يىغىلىشقان 23نەپەر ناتىۋان ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، بىر ـ بىرىگە قىيماي، بەزىلىرى ئۆكسۈپ، بەزىلىرى خىتىللداپ، بەزىلىرى مىشىلداپ يىغلىشىپ، يېڭى سېلىنغان ۋاسكېتبول مەيدانىنى ھازاسورۇنىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق، ھەممە ئىكز جۇدالىقنىڭ پىراقىدا كۆيۈۋاتقان بۇ سەينادا، مېھرىبەۋل ئۆزىنى گويا پۈتۈن يەرشارىدا يىگانە قالغاندەك، غېرىپ، بىچارە ھېس قىلدى. ئەمما ئۆزىدىنمۇ بىقۇۋۇللۇقتا، بوغۇلۇپ، بوغۇلۇپ يىغلاۋاتقان دادىسىنىڭ غېرىب بەستى كۆزئالدىغا كېلىشى ھامان، ئىكزىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلاپ، تەسەللى بېرىپ، ئامال بار يىغلىماسلىققا تىرىشىپ، گارنىڭ جازىسىغا يۆلىنىپ، دەرۋازا تەرەپكە قاراپ جىمىپ كەتتى. خۇددى بىراۋلار يۈگرەپ كىرىپ:

ـ مېھرى! قولۇمنى تۇت، مەن سېنى ئېلىپ كەتكىلى، بۇ جۇدالىقتىن قۇتۇلدۇرغىلى كەلدىم. ـ دەپ سالىدىغاندەك، بىراۋلار كېلىپ:

ـ ئوماق سىڭلىم! بۇ يەردە نېمانچە مەيۈسلىنىپ تۇرۇپ كەتتىڭ؟ ماڭ كېتىمىز. مەن تۇرسام نېمانچە بىچارىلىك بۇ!

ـ دەپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى توق قىلىۋېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەپسۇس! ھېچكىم كەلمىدى! ئۇ ئۇمۇدىنى زادىلا ئۈزمىدى. يەنىلا ھېچكىم كەلمىدى! ئۇنىڭ خىيالىغا قاچانلاردىدۇر بىر يەردە كۆرگەن نوزۇگۇمنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى كەلدى.

...

نوزۇك باشقا كۈن چۈشتى،

ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

مېھرىگۈل بۇ سۆزلەرنىڭ ۋەزنىنى مانا ھازىر ھەقىقى چۈشىنىپ يېتىۋاتاتتى. "ئەر" بۇ نېمە دېگەن ئۇلۇغ، نېمە دېگەن يېقىملىق سۆز ھە؟! "ئەر" بۇ نېمە دېگەن دەبدەبىلىك، نېمە دېگەن ياڭراق نىدا ھە؟! "ئەر" دېگەن بۇ ئاددىيلا سۆز ئۆلۈم ئالدىدا ھودۇققان، قورۇققان، نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرىگەن نوزۇگۇمنىڭ كۆڭلىگىمۇ "الله ھ" نىڭ نامىدىن بۇرۇنراق كەلگەنمىدى بولار؟ توغرا! "ئەر" ناتىۋان قىزلار، مەزلۇم ئاياللارنىڭ بۇ دۇنيادا، الله دىن قالسىلا تىۋىنىدىغان يۆلىنىدىغان، ھىممەت تىلەپ يېلىنىدىغان، ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان بىردىنبىر ھىماتچىسى. ئەمىسە شۇ ھىماتچى ھازىر قېنى؟ نەدە؟ نېمىشقا كېلىپ مېھرىگۈلنى بۇ زۇلۇمدىن، بۇ جۇدالىقتىن قۇتقازمايدۇ؟ ئەپسۇس! مىڭ ئەپسۇس! ئۇلار ھازىر مېھرىگۈلدىنمۇ بەكرەك بىچارە!...

ھېۋزۇللامۇ بىرئەرغۇ؟ ئۇ نېمە دەپ مېھرىگۈلدەك بىر مۇنچە ناتىۋانى جۇدالىق قامچىلىرىدا ساۋىداپ، ئائىلىسىدىن، دوست يارەنلىرىدىن، ئانا تۇپراقنىڭ نەمخۇش ھېدىنى ھىدلاشتىن مەھرۇم قىلىدۇ؟ ... ياق! مەن ئۆلگىلى ماڭغاندەك ئەجەپ ئويلاپ كەتتىما! توۋا. بىر يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىمەنغۇ. شۇچاغدا بەلكىم ئىشلار تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئۆز كۆڭلۈمنى ئۆزەم پاراكەندە قىلماي. بىچارە دادامنى، شور پېشانە ئاكامنى، بىتەلەي رۇستەمنى ئويلاي. ئۇلار ئۈچۈن بۇ سەپەرگە خۇشاللىق بىلەن ئاتلىناي. بۇ بىر يىلنىڭ تىزرەك ئۆتۈپ كېتىشىنى الله ھدىن تىلەي. شۇنداق قىلاي...

پۈتۈن يېزا بويىچە 83نەپەر قىز ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھويلىسىدىن، ئاپتۇنۇم رايۇن بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرغان ھەشەمەتلىك ئاپتۇبۇسلارغا ئولتۇرۇپ، ئۆزىلىرىگە ئوخشاش 165نەپەر قىز بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ نەۋرىسى رىسالەت مېھرىگۈلدىن كىچىك بولغاچقا، مېھرىگۈل ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى ياساپ، ئاۋۇندۇرۇپ كەلدى. ئىمام نەۋرىسىنى دىنىي جەھەتتە چىڭ تۇتۇۋۇپ ، تولىمۇ ئەتراپلىق، ياخشى تەربىيەلىگەچكە، رىسالەت تالا تۈزلەرگە ئاساسەن چىقمىغاچقا، بۇ ئىككەيلەن تونۇشىسىمۇ، ئارلىشىپ كەتمەيتتى. رىسالەتمۇ ھېلىغۇ ئوغۇللاركەن، قىزلارنىڭمۇ يۈزىگە قارىماي تۇرۇپ گەپ قىلىدىغان، يۈزى تۆۋەن قىز ئىدى. يەنەكېلىپ ئۇنىڭ تۆكۈلۈپ تۇرغان، بۇلاقتەك كۆزلىرى، ئاق ئالمىدەك يۇمىلاق يۈزلىرى، جىنەستىدەك سۈزۈك ۋە نازۇك ئويماقتەك كىچىك لەۋلىرى، قارىغان كىشىنى ئەيمەندۈرۈپ قوياتتى. گەرچە ئۇ شۇنچە چىرايلىق بولسىمۇ، يەنىلا مېھرىگۈلگە يەتمەيتتى. بۇ ئىككى كۈنلۈك زېرىكىشلىك ئۇزۇن سەپەر بۇ ئىككى گۈزەلنى

چىقىشتۇرۇپ، يېقىن دوستلاردىن قىلىپ قويىدى. ئەمدى ئۇلار بۇندىن كېيىنكى، يەنى ئىچكىرىدىكى بىرىيىللىق ھايات مۇساپىسىنى بىللە باساتتى.

مېھرىگۇل ئۈرۈمچىيە ماڭغان كۈنى چۈشتە، روزاخۇن ئەختەمنى ئېلىپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. قايتمايمۇ نېمە ئامال؟ ئەختەمنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇۋەرگەن بىلەن دوختۇر پۇلىغا چىقىشىپ بولغىلى بولمايتتى. ھېلىمۇ ئەختەمنىڭ دوختۇرخانىدا ئىككى كۈن ياتقىنىغا 1200يۈەن كەتتى. يەنە ئىككى كۈن ياتسا يەنە قانچىلىك كېتەر؟ ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ داۋالىتىشقا ئاز دېگەندە 20مىڭ كوي كېتىدۇ دەيدۇ. بۇ تېخى پەقەت ئوپېراتسىيە ھەققىكەن. ئەختەمنىڭ كۈتۈنىشى، تامىقى، روزاخۇننىڭ ياتاق ـ تامىقى... بۇنىڭغا قانچىلىك پۇل كېتەر؟ ئەختەمنى ئۆيىگە ئاپىرىپ، ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئاندىن پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپ، ئاندىن داۋالىتاي. ھېلىمۇ ئىككى كۈننىڭ ياقى، بارمىغان، چىراي سارغايتمىغان ھېچ يار قالمىدى. تاپقىنى ئاران 400كوي. ئېغىلدىغۇ يەتتە ـ سەككىز قوي، بىر كالا بار. ئەمما بۇ نېمىگە نېمە بولاتتى؟ ئەڭ ياخشىسى كىرەك پۇلنىڭ غېمىنى قىلمىسام بولمىغۇدەك! "دۇنيادا نېمە قاتتىق؟ ـ دېسە، يوقسۇزلۇقنىڭ توقمىقى" دېيىشكەن. مانا روزاخۇن مۇشۇ ياشقا كىرگىچە ئاشۇ يوقسۇزلۇقنىڭ توقمىقىنى يەپلا كېلىۋاتىدۇ. دادىسىنى "باي! پومىشچىك" دەپ ئاق تىكەنگە بېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن باشلاپ، بۇ بىچارە بەك قورقۇپ كەتكەنمۇ؟ ھازىرغىچە پۈرۈلتارىياتلىقتىن زادىلا قۇتۇلالمىدى. بىچارە ئايالىمۇ شۇ يوقسۇزلۇقتا، تۈزۈكرەك داۋالىنالماي بىئەجەل ئالەمدىن ئۆتتى. مانا ئەمدى، ئالدىدىن دەس ـ دۇس دەسسەپ، مەغرۇر چىقىپ كەتكەن كۆتەكتەك ئوغلى، بىركېچىنىڭ ئىچىدىلا كېسەل تەگكەن چۈجىدەك، گەپمۇ قىلالماي، مۆلدۈرلەپ ياتىدۇ. بەزىلەر "ئەرىز قىل! قانۇندا جىنايەتچىنى ئۇرسا بولمايدۇ! دەپ بار،" دېيىشىدۇ. ئەرىزنى كىمگە قىلىمەن؟ يەنە شۇ ساقچىغا قىلارمەن. ئۇلار سورىدىمۇ دەيلى، يەنە ئەختەمنى ئېلىپ، مۇشۇ كەنتكە يېنىپ كېلەرمەن. يەنە شۇ ھېۋزۇللا دېگەن توخۇ پوقىنىڭ قولىغا چۈشەرمەن. ئۇغۇ بىر نۆرى، ئەرزىمنى سوراپ بەر دەپ كىملەرگە يالۋۇرۇپ، كىملەرنىڭ ئىشىكىگە تەلمۈرەرمەن؟ ئاق ئىت، كۆك ئىت، ھەممىسى بىر ئىت. بىرى قاۋلىت تۇرۇپ چىشلەيدۇ. يەنە بىرى ئەركىلەپ تۇرۇپ چىشلەيدۇ. قاغا ـ قاغىنىڭ كۆزىنى چوقامتى؟ ئەرىز قىلسام بېيجىڭغا بېرىپ، مەركەزگە قىلسام بولىدۇ. ئەمما ۋىلايەتتىن كەلگەن باشلىقلارنىڭ چىرايىنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ. يو ـ يولدا مىنىبىڭ، ھېچكىمنى يولغاچىقارمايدۇ. مەركەزدىكى باشلىق بىلەن كۆرۈشۈش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھەي.... چەرخى ـ پەلەك! چاقچاقلىرىڭ ئەجەپ ئېغىر...ئەجەپ ئېغىر...

مانا، ئەختەم ياتقىلىمۇ بىر ئاي بولۇپ قالدى. ئۇ پەقەت ئوڭ قولىنىلا مىدىرلىتالايدۇ. كۆرەلەيدۇ، ئاڭلىيالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. روزاخۇن ئېغىلدىكى ماللارنى توخۇ ـ تۇمان دېگەندەكلەرنىڭمۇ بېرىنى قويماي سېتىپ بولدى. قولىغا كىرگەن پۇل بىرقاتتىن ئەختەمنىڭ دورا، ئوكۇللىرىغا ئىدۇللىشىپ، ئاران ئۈلگۈردى. قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇققانلاردىن ئۆتنە يېرىم قىلغان پۇللارمۇ ئۈچمىڭغا يەتتى. ئەمما يەنىلا ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان يوق. ئەختەم قۇراق تەكىيدە يېتىپ، دادىسىنىڭ نەچچە قېتىم يىغلىغىنىنى سېزىپ قېلىپ، ئۆزىمۇ يىغلاپ تاشلىدى. لېكىن بىكار يېتىپ

يىغلىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ شۇ كۈنلەر دە ئەختەمنىڭ ئوڭ قولىمۇ تۇرۇپلا سەزمەس بوپقالدى. مانا ئەمدى، تاھارەتنىمۇ دادىسى تۇتۇپ بەرگەن قاچىغا قىلىدۇ. يىگىرمە يەتتە ياشقا كىرگەن بەردەم بىر يىگىت ئۈچۈن بۇ نېمە خورلۇق؟!!!

تۈنۈگۈن رۇستەم بىرقاچا ئۈگرە كۆتۈرۈپ كىرىپ، بىرمۇنچە سۆزلەپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ بۈگۈن مېھرىگۈلنى ئىزدەپ، كۈلىغا ماڭماقچىكەن. ئەختەم ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، كۆزىنى پارقىرىتىپلا ئولتۇردى. رۇستەم يەنە مېھرىگۈلنى ياندۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، سوتقا ئەرىز قىلىپ، ئەختەمنىڭ قىساسىنى ئېلىش ھەققىدە نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەردى. تۇۋا!!! كىمدىن قىساس ئالىدۇ؟ ئاشۇ ساقچىلاردىنما؟ ئۇلارنى جازالايدىغانلار يەنىلا ساقچى تۇرسا؟.... بۇ ئاقامدۇ؟ ... توغرا... ساقچىنىڭمۇ ھەممىسى ئەسكى ئەمەس. ئەتتەم تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقاندا، مۇئەللىمى ئۇنىڭغا :

ـ يۇقىرىنىڭ ھەرخىل ياخشى سىياسەتلىرى، تۆۋەنگە چۈشكەندە ئۆزگىرىپ، باشقا بىرنېمىگە ئايلىنىدۇ. يەرلىكتىكى بەزىبىر پىتنىخور، شەخسىيەتچى، مەنپەئەتپەرەس، پەسكەش ئەمەلدارلار، يۇقىرىنى ئالداپ، تۆۋەننى بېسىپ، ئۆزىنىڭ تويماس نەپسى ئۈچۈن دۇنيا توپلايدۇ. ... ـ دېگەندەك گەپلەرنى قىلغىنى ئېسىدە. توغرا! ئەختەمنى دەل ئاشۇنداق ئىپلاس ئەمەلدارلار تىرىك مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى! بۇنىڭ سورىقىنى قىلىدىغان ئادىل ئەمەلدار نەدىكىن؟ بۇنى تېخى ھېچكىم،"مۇنداق يەردە" ـ دەپ باققىنى يوق. ئەختەم بەكرەك ئەزۋەيلىسە، سەن دائىم قانۇن تۈزۈمگە قارىشى چىقىسەن! سەن زادى قايسى تەشكىلاتنىڭ ئادىمى؟! ـ دەپ، ئۇ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان بىرمۇنچە تەشكىلاتلارنىڭ ئىسمىنى دەپ، ئۇنى گەپقىلغىنىغا تويغۇزىدۇ. بىرنېمە دېمەيدىيسە، چۈشۈپ قالغان ھالى شۇ. ۋايتاڭ!!! بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى نەدىن چىقاركىن؟ ئەمدى ئاشۇ مۇناپىقلارنىڭ جاجىسىنى الله ئۆزى بەرسۇن! ـ دەپ ، سۈكۈت قىلماقتىن باشقا ئامالمۇ يوق ئوخشايدۇ.

مېھرىگۈل كېتىپ، 34كۈن بولغاندا ، رۇستەم مەشۇقىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈپ تاپقان ئادرىسنى نىشانلاپ، يۇرتتىن ئايرىلدى.

ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا، ھېلىقى كۈنى ساقچىخانىغا بىللە سولانغان ئاغىنىسى، يۈسۈپ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىركېچىدە، ھېۋزۇللانىڭ ئۆيىگە كىرىپ، 7000مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن، ئايالىنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى بۇلاپ كەتتى. ۋە شۇ خىراجەت ئارقىلىق، مېھرىگۈلنى ئىزدەپ، تاپماقنى كۆڭلىگە پۈكتى.

رۇستەم ھېۋزۇللانى بەك قورقىتىۋەتكەنمۇ، نېمە، ئىككى كۈنگىچە ھېۋزۇللا ئۈن ـ تىنسىز جىمىپ كەتتى. بۇ ھالدىن كۆڭلى بىرئاز ئورنىغا چۈشكەن رۇستەم، ئەختەم بىلەن خوشلىشىپ، سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىدىن، يۈسۈپ بىلەن ئەختەمدىن باشقا ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.

رۇستەم شۇماڭغانچە، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ xx ناھىيىسىگە 13كۈندە يېتىپ كەلدى. تەلىيىگە بۇ يەردىمۇ ئۇيغۇرلار بارئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسىدە ئۇيغۇردېگەن ئىسىمدىن باشقا، ئۇيغۇرغا خاس ھېچقانداق خاسلىق يوق ئىدى. ئۇلار

رۇستەمنى كۆرۈپ، خۇددى ئۇنىڭ بۇيەرگە كەلگىنىدىن ئاچچىقى كەلگەندەك، ئۇنىڭدىن قانداقتۇر بىر نېمىنى قىزغىنىۋاتقاندەك ئەلپازدا، سوغۇق مۇئامىلە قىلىشتى. رۇستەم دەسلەپتە، نېمە قىلىشىنى، نەگەبېرىشىنى بىلمەي نەچچەكۈن نىشانسىز كوچا ئايلاندى. ئۇ بۇيۇرتنىڭ تەرەققىياتىنى، بۇيەردىكى ئۆيدىن تولا ئادەملەرنى، كوچا ـ كويلاردا تولۇپ ياتقان مەينەتچىلىك، بۇزۇقچىلىقلارنى كۆرۈپ، بۇ زىمىن ھېلىمۇ بىزلەرنى دەمتارتىپلا ھالاك قىلماپتۇ ـ دەپ ئويلىدى.

دېمىسىمۇ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان، پاھىشەخانىلار، ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆتىلىرىنى ئاشكارا ئېچىپ، ئادەمنى قىززىقتۇرىدىغان، قىسىق كۆز پاھىشىلەر، ھەتتا ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئازدۇرغۇدەك چىرايلىق، 15 ـ 16ياشلاردىكى كىچىك ـ كىچىك قىزلار، قاۋاقخانىلارنىڭ دەرىزىلىرىدىن پاللۇ ـ پۇللۇ قىلىپ كۆرۈنىدىغان، رەڭلىك چىراق نۇرلىرى، بىر يورۇتۇپ، بىر يورۇتماي قويىدىغان، پەسكەش قىلىقلار بىلەن بىر ـ بىرىنى مۇجۇقلاۋاتقان ئەركىن ياشلار، رۇستەمگە ئۆز يۇرتىنىڭ نەقەدەر پاك، نەقەدەر ئۇلۇغ ماكان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرسا، مېھرىگۈلدەك بىر ياۋاگۈلنىڭ، كوچىلىرىدا شەھۋەت دەۋرەپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق بىر دىسسىزلار ماكانىغا كېلىپ، بۆرە ئۇۋىسىغا كىرىپ قالغان قوزىچاقتەك بىچارە بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى ئويلاپ، كۆزلىرىگە ۋىل ـ ۋىل ياش كەلدى.

رۇستەم بۇ يەردە بۇنداق ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدى. مانا XX ناھىيىسىگە كەلگىلىمۇ بىر ئايدىن ئاشتى. ئۇ بۇجەرياندا، بۇيەردىكى زاۋۇت، كارخانا، فابرىكىلارنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى. ئەمما مېھرىگۈلنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. ئۇ مېھرىگۈلنى تاپالمىغانچە، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئىچى پۇشۇپ، تېرىككەك بولۇپ قالغانىدى. ئەكەلگەن پۇللىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك تۈگىدى. ئەمدى بولمىسا، ئالتۇنلارنى سېتىشقا توغرا كېلىدۇ.

رۇستەم شۇ كۈنلەر خوتەن قارقاشلىق، ئەيسا ئىسىملىك بىر ياش بىلەن تونۇشۇپ، چىقىشىپ قالدى. ئەيسا گەرچە ئىمان ـ ئىسلامدىن بىخەۋەر، قاراتۇرۇك بولسىمۇ، كۆڭلى ياخشى، سەمىمى بالائىدى. ئۇ رۇستەمنىڭ مەشۇقىنى ئىزدەپ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ھۆرمىتى كەلدىمۇ، ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، ئىشقىلىپ، رۇستەمگە ھەرخىل خەۋەر ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ، بەزى تىل مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ۋەكپ ياردەملەرنى قىلدى. ھەمدە رۇستەمگە ئەرزان باھالىق ياتاق تېپىپ بەردى. رۇستەم ئەيسانىڭ يانچۇقچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان تۇنجى كۈنىلا ئەيسانىڭ ئۆز ئاغزىدىن بىلگەنىدى.

بۈگۈن ئەيسا ، رۇستەمنىڭ ياتىقىغا ئالدىراش كىرىپ كەلدى. قارىغاندا ئۇ ئۇقەت قىلغاندا، سېزىلىپ قېلىپ، قېچىپ كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ ياتققا كىرىپلا، سۇ سورىدى، رۇستەم بىر ئىستاكان سوغۇق سۇنى تەڭلىۋىدى، غورتۇلدىتىپ ئىچىپ بولغاندى كېيىن، سەل دېمىنى ئېلىۋېلىپ، جىددى سۆزلەشكە باشلىدى.

ـ رۇستەم، بىر گەپنى دەي، ئاچچىقلاپ كەتمە. ـ ئۇ تېخىچە يىنىك ھاسىراپ تۇراتتى. ـ بۈگۈن بىر قاۋاقخانىغا ئۇقەتكە

بارغانىدۇق، ئۆيەردە بىر قىز مېنى كۆرۈپلا، يىغلاپ، يالۋۇرۇپ كەتتى.

ــ نېمە دەپ؟ ــ جىددىيلىشىۋاتقانلىقى چىرايىدىنلا بىلىنىپ قالغان رۇستەم، بۇ گەپكە قىززىقىپ قالغانىدى.

ــ نېمەدەپ بولاتتى، مېنى بۇيەردىن قۇتقۇزىۋېلىڭ! سىز دىن ئۆدۈنيا ــ بۇدۈنيا خوش بوپ كېتەي دەپ بولمامدۇ؟ نېمىش بولغىنىنى سوراي دەپ تۇرسام، مەن بىلەن بىرگە بارغان بىرى چاتاق چىقىرىپ قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قاچماي بولمىدى. تەلەپپۇزىدىن قارىسام، سەن بىلەن يۇرتداشتەك قىلىدۇ، شۇڭا ئۇدۇللا سېنىڭ يېنىڭغا كېلىشىم!

ــ ئۇ يەر نېمە قىلىدىغان يەر؟ نېمىشقا ساڭا مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ ــ دەپ يالۋۇرىدۇ؟

ــ ھەي ئۇنداق قىزلار بۇيەردە خېلى كۆپ، بەزىسى ئۆزى خالاپ چىقىپ، مۇشۇنداق يەرلەرگە بىر ــ ئىككى يىللىق سېتىلىدۇ ــ دە، ئىشى تۈگىگەندە، بىر ــ ئىككى كاللەك پۇلنى قوينىغا تىقىپ، شىنجاڭغا بېرىپلا، قىزلىق ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇپ، بىرەر تەتۈر پېشانىنى جايلايدۇ. بەزىسى بىلىپ ــ بىلمەي بۇ يولغا كىرىپ قېلىپ، بىزدەكلەرنى كۆرسە يالۋۇرىدۇ. بىز ياردەم قىلايلى دېسەك، ئۇيەردىكى لاۋبەنلەر 4~5تۈمەننىڭ گېپىنى قىلىدۇ. بىزدە نەدىمۇ ئۇنچىلىك پۇل! شۇنىڭ بىلەن ئامال يوق، يېنىپ كېلىمىز...

ــ ئوغۇرلۇقچە بۇلىساڭلار بولمامدۇ؟

ــ تووۋا دېگىنە؟! بۇ دېگەن ***نىڭ يۇرتى بىلىپ قوي. بىر ئادەمنىڭ كاللىسى ئاران بىر تۈمەن! شارتلا تۈت ــ بەش يۈزنى چىقارساڭ، كىم دېسەڭ شۇنىڭ بىرقۇلىقىنى كېسىپ، قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغان قاسساپلا تولا بۇ شە دە. ئادەمنىڭ ئەتىۋارى باردەمسەن؟ ھىم! ئەگەر بىز ئۇلارنى بۇلايمەن دېسەك، ئۆزىمىزنىڭمۇ، ئۇلارنىڭمۇ جېنىغا زامىن بولىدىغان گەپ!

ــ شۇنچە رەزىلما؟

ــ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تەتەينىڭ كۆتىگىلا قاراپ، باشقا يەرگە قارىمىغان ئوخشىمامسەن؟ ئۇنداق يەرگە قارىما، ئەيدىزنىڭ ئۇۋىسى ئۇ ****لار!

ــ ئاڭلىغان،دوختۇرخانىدىكىلەر ھەر بازار كۈنى ئەيدىز توغرىسىدا تەشۋىقات قىلىدۇ.

ــ ھە شۇ... يۇقتىما بولدى، ئۆلمەي ئامالىڭ يوق.

ئەمما شۇقىزلارنى ئۇيەرلەردى قۇتۇلدۇرىدىغان بىرەر ئامال يوقمۇ؟

ــ قانداق دەيسەن؟

ــ ساقچىلار غا دېسەك، ئۇلارنى قويۇۋەتسە بولمامدۇ؟

ــ تووۋا.... سېنىڭ كاللاڭ نېمانچە ئاددىي، ئويلاپ باقمامسەن؟ ئۇ لاۋبەنلەر ساقچىدىن قورقسا، ئاپئاشكارا پاھىشىخانا، بەزمىخانىلارنى ئاچامتى؟ ئۇلار دېگەن قارا جەمىيەت بىلەن بىر. غىڭ ــ پىڭ قىلغان ساقچىنىڭ ئۆلۈكى ئەتىسى كوچىدا قالىدۇ.

ــ تووۋا!!!

ــ بولدى ، تووۋاڭنى قويۇپ، ئۇيەرگە بىر بېرىپ باق، ئەگەر بىرەر ئۇچۇرغا ئېگە بوپ قالساڭ ئەجەپ ئەمەس... ــ يۈسۈپ بىرنەرسىنى ئويلىغاندەك تۇرۇپ قالدى. ــ ئەممازە....

نېمە ئەمما؟ ـ رۇستەم قىززىقسىنىپ سورىدى.

ـ ھېلىقى قىز بەك چىرايلىقكەن دېگىنە، 17!18ياش. نېمە بولۇپ بۇيەرلەردە تىنەپ قالغاندۇ ئۇ بىچارە. ئەگەر جىقراق ئۇقەت قىلالىسام، لاۋبەنگە جازانىگە ھۆججەت يېزىپ بېرىپ، خوتۇن قىلىدىكەنمەن كاساپەتنى. ئۆز مىللىتىڭنىڭ گۈلى، يات بىر جوھۇتلارنىڭ ئاياق ئاستىدا چەيلىنىۋاتسا، يۇرۇكۇڭ راستلا چىدىمايدىكەن...ھەي.... ـ يۇسۇپ لەۋلىرىنى تامشىتىپ قويۇپ، مەن كېتەي، سەن بېرىپ باق ـ دەپ قويۇپ، ئۇيەرنىڭ ئورنىنى تەپسىلى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن كېتىپ قالدى.

رۇستەم، يۇسۇپ دەپ بەرگەن بويىچە، ئۇ بەزمىخانىنى تېپىپ كەلدى. گۇمبۇ ـ گۇمبۇر ئاۋازلارنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك شاۋقۇنىدا، قولاقلىرىنى يۇپۇرۇۋالغان رۇستەمنىڭ كۆزىگە دەسلەپتە، پاللۇ ـ پۇللۇ چىراق نۇرىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى، بىردەمدىن كېيىن قاراڭغۇلۇققا كۆنگەن كۆزلىرى، سەھنىدە يېرىم يالىڭاچ بولۇۋېلىپ، بىرتال مومىنىڭ ئەتراپىدا، جۇۋازغاقاتقان كالىدەك پىقىراپ، بەدەنلىرىنى سىلاپ، ھەرخىل ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئۇسۇل ئويناۋاتقان تەتەينى، ئۇنىڭ ئۇيات يەرلىرىگە مارىلاۋاتقان مەست ـ ئەلەس ھەرخىل سىياقتىكى ئەرلەرنى، يېنىپ ـ ئۆچۈپ پىلىلداپ تۇرىدىغان چىراق نۇرىدا ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا پۈتۈن بەدىنىنى ئەسەبىيلەرچە سىلكىپ، تولغاپ، ھەريانغا تاشلاپ، چاچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، بەئەينى ساراڭلارنى دورۇۋاتقان بىرتوپ ساق كىشىلەرنى كۆردى.

ئۇ ساراڭلار سەيناسىنىڭ بىرتەرىپىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرىشىغا، بىر تەتەي كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىرنېمىلەرنى سوراشقا، چىرايىنى ھەرخىل پۇرۇشتۇرۇپ، كالدىرلاشقا، ئاق ھەم، سېرىق مىتاللاردا قاپلىتىۋالغان چىشلىرىنى چىقىرىپ، كۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ دەسلەپتە بۇ خوتۇنىنىڭ نېمە دېگىنىنى تازا ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ، كېيىن، ئۇنىڭ ئىشارەتلىرى بىلەن قوشۇپ، ئۇنىڭ نېمە ئىچىسەن؟ قانداقراق قىزلارنى ياخشى كۆرىسەن؟ كېچىچە بىرەرىنى كۆتىرە ئالامسەن؟ دېگەندەك بىزەڭ گەپلەر ئىكەنلىكىنى چالا ـ بۇلا چۈشەندى. ئۇنىڭ بۇگەپنى ئاڭلاپ، غۇززىدە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئەسلى مۇددىئانى ئويلاپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى.

ـ شىنجاڭلىق قىزلا بامۇ؟ ـ رۇستەم تەلەپپۇزنى بۇزۇپ ئېيتقان سۆزنى، قۇلىقى دىڭ تەتەي دەرھال چۈشەندى.
ـ بار، بار، يېڭى .. يېڭى... ـ ئۇ تەتەي باش بارمىقىنى چىقىرىپ، رۇستەمگە كۆرسەتتى. ـ يەنە كىچىك.. ياتۇزا...
ـ مەن كۆرۈپ باقاي....
ـ شىڭ... شىڭ.. لەي... ـ رۇستەم تەتەينىڭ كەينىدىن ماڭدى، تەتەي ئۇنى بەزمەخانىنىڭ كەينى ئىشىكىدىن تاربىر كارىدورغا، ئاندىن كەڭرى بىر ھويلىغا باشلاپ چىقتى. ئاندىن ئەڭ تۆردىكى روجىكىگە قەغەز ساندۇقنىڭ بىرنەچچە پارچىسى چاپلاپ قويۇلغان، كۆرۈمسىز بىر ئۆينىڭ قۇلۇپىنى شاراقشىتىپ ئېچىپ، رۇستەمنى ئۆيگە باشلىدى.

رۇستەم ئۆيگە كىرىپ، بۇلۇڭدا چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئوڭ كۆزى قان ئۇيۇپ، كۆكەرگەن، جاۋغايلىرىدىن ئاققان قان ئېڭىكىنى بويلاپ، بويۇنلىرىغىچە يامرىغان، ئۇستىدە بىرتال يىپقا چاغلىق كىيىمى بولمىغان، پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ، ئۆزىگە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز قورقۇنچ، تەشۋىش، يىلىنىش نەزەرلىرىدە، دىرىلدەپ تىترەپ تۇرغان قىزغا قاراپ، يۈرىكىگە بىرى خەنجەرتىقىپ، قوچۇغاندەك، بىرلىرى بىرىەرلىرىنى ئامبۇردا قىسىپ ئولغاۋاتقاندەك تۇيغۇدا، ئىگىزىنىڭ قانچىلىك ۋاقىت قېتىپ تۇرۇپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى. تەتەي ئۇنىڭغا ھېجىيىپ تۇرۇپ،

-بولامدىكەن؟ -دەپ سورىغاندىلا ئۇ، ئۆزىنى ئارلن تاپتى -دە، ئاندىن تۇغما ھالەتتە تىترەپ تۇرغان قىزغا قايتا قارىدى. قارىدىيۇ، كىزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ئۆزىدىن بىركېتىپ، بىركىلىپ، يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئۆزىنى ئارلن تۇتۇپ قالالىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دەرھال ئەقلىنى ئىشقا بۇيرىدى.

-بولىدىكەن. -دېدى ئۇ تەتەيگە نەپرەت بىلەن قاراپ.

-ئەمسە پۇل بەر.

-قانچە پۇل؟

-500يۈەن.

رۇستەم گەپ قىلماي 500يۈەن ساناپ، تەتەيگە بەردى. ئۇ تەتەي پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. رۇستەم قىزنىڭ ئالدىغا بىر -بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاستا كەلدى. ئۆي ئىچىدە ئۇنىڭغا يېپىپ قويغىدەك بىرەر نەرسە يوق ئىدى. رۇستەم يەرگە سېلىپ قويۇلغان كۆرپىنىڭ ئەستىرىنى مىڭ تەسلىكتە سۆكۈۋېلىپ، قىزنى يۆگىدى. قىز ئۇنى ھېلىغىچە تونىماي، قىلتاققا چۈشۈپ قالغان قۇش بالىسىدەك، بۇيانغا ئۆتسە ئۇيانغا، ئۇيانغا ئۆتسە بۇيانغا ئۆزىنى قاچۇرۇپ، دىرىلدەپ تىترىگەن پېتى، ئىككى قولىدا بىر نەچچە يېرىدە قان ئۇيۇپ قالغان يۈمران كۆكسىنى يۇشۇرۇپ، بىچارىلارچە ئولتۇراتتى. قارىغاندا ئۇنىڭدا، يۇلقۇنۇپ، سەكرەپ، تىللاپ، تاتىلاپ، تېپىپ ئۆزىنى قوغدىغۇدەكمۇ مادار ۋە ئىشەنىچ قالمىغاندەك تۇراتتى. رۇستەم تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتمەستىن، قوللىرىنى قىزنىڭ چىچىغا ئۇزاتتى، بۇنى كۆرگەن قىز، تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا پىچىرلىدى.

-سەندىن خوش بۇلاي ئېپي ئادەم. مېنى ئېپپىتمەدىن ئايرىما....

رۇستەم ئۆزىنى تۇتالماي پاڭڭىدە ئېتىلىپ يىغلىۋەتتى. ئەنە شۇچاغدىلا قىز رۇستەمنىڭ چىرايىغا تونۇجى قېتىم قارىدى.

-رۇستەمكا... -زەئىپ ئاۋازدا پىچىرلىدى قىز، يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆزياشلىرىنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ. -بۇ راس سىز مۇ؟

-بۇ مەن سىڭلىم. -رۇستەممۇ تىترەپ تۇرغان نائاۋازى بىلەن زەئىپ جاۋاپ بەردى. - سىز نېمە بولۇپ بۇيەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟

-بۇنى دېسەم گەپ تولا...

-مېھرىگۈلچۇ؟

ـ ئۇمۇ مۇشۇ يەردە. بىزبىللە كەلگەن.

ـ ئەمسە ئۇنى كۆرمەيمەنغۇ؟

ـ كەچتە ئەكىرىپ قويۇشىدۇ. ـ تولىمۇ پەس، مىسكىن ئاۋازدا سۆزلەۋەتقان بۇقىز، ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ يالغۇز نەۋرىسى، تالىبە رىسالەت ئىدى. ئەمدى 18ياشقا ئۇلاشقان، ياشلىق گۈلستانىغا ئەمدى نەزەر تاشلاشقا تەمشەلگەن پاك سەھرا قىزى رىسالەت، بۇ قاۋانلارنىڭ چاڭگىلىدا، خۇددى بۆرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان بۆجەندەك تولىمۇ بىچارە، ۋە زەئىپ ئىدى.

ـ سىلەرنى كىم بۇيەرگە ئەكەلدى؟ ـ رۇستەم رىسالەتنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى قۇلىقىنىڭ كەينىگە تارىغاچ، ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سۈرۈشتۈرمەكتە ئىدى.

ـ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ بىز بۇيەرگە كەلگەندە، بىزنى بىر زاۋۇتقا ئاپىرىشتى. بىز زاۋۇتتا ھەپتە ئىشلىدۇق، كېيىن بىزنى باشقا بىرسى بىر توقۇمۇچىلىق فابرىكىسىغا ئېلىپ كەتتى. يۇرتتىن بىللە چىققانلاردىن، مېھرىگۈل بىلەن مەنلا بىللە قالالىدۇق. باشقىلارنى تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىۋېتىشتى. كېيىن فابرىكىدىنمۇ بىللە يەنە باشقا بىرسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، تىككۈچىلىك زاۋۇتىغا باردۇق. ئۇيەردە ئىككى ھەپتە ئىشلىگەندىن كېيىن، باياتىنقى تەتەي بىزنى ئەگەشتۈرۈپ، مۇشۇيەرگە ئەكەلدى. نېمىشقا، نېمە سەۋەبتىن كەلگىنىمىزنى بىلمىدۇق.

ـ بۇيەرگە كەلگىنىڭلارغا قانچە كۈن بولدى؟

ـ بۈگۈن بەش كۈن بولدى.

ـ مېھرىگۈلنى ئۇلارنىڭ نەگە ئاپىرىدىغانلىقىدىن خەۋرىڭىز بارمۇ؟

ـ ئۇلار ئۇنى ھەركۈنى نەچچە بەزمىخانىغا ئاپىرىدىكەن.

ـ نېمىشقا؟

ـ ساتىدىغان ئوخشايدۇ؟

ـ نېمە؟

ـ قالغىنىنى مەنمۇ بىلمىدىم.

ـ سىز نېمە بوپ بۇھالغا كېلىپ قالدىڭىز؟

ـ ھەركۈنى سىزدەك نەچچە ئۇيغۇر كېلىپ، ماڭا زورلۇق قىلىشىدۇ؟ مەن ئۇنىمايمەن. نەچچىسىدىن قاتتىق تاياق يېدىم.

ـ ئۇيغۇر دېدىڭىزما؟

ـ ھەئە. بەزىدە چەتئەللىكلەر، ***لارمۇ بار.

ـ ئۇلار سىزگە...

ـ مەن ئۆلسەم ئۆلمەن. ھالال ئىپپىتىمنى، جوھۇتلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغان رىسالەت، مەن ئەمەس... ـ رىسالاتىنىڭ كۆزلىرىدىكى، قەتئىيلىك، نەپرەت، ئۆچمەنلىكلەرنىڭ چېقىنىنى كۆرگەن رۇستەم بۇقىزنىڭ يەكدىللىقىدىن تەسىرلەنمەي تۇرالمىدى.

ـ باريكالللا! سىڭلىم. سىزگە ئاپىرىن.

ـ رۇستەمكا! بۇنداق گەپ ماڭا ياقمايدۇ. سىز بىر مۇسۇلمان. بۇيەرگە مېھرىگۇلنى ئىزدەپ كەلگىنىڭىز ماڭا ئايان. سىز بىر يىگىت. الله ھ يولىدا مېنىمۇ بۇيەردىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ. مېنىڭ چىدىغىچۇلىكىم قالمىدى.

ـ خاتىرجەم بولۇڭ. مەن يىرتتىن شۇنىڭ ئۈچۈن چىققان. مېھرى قاچان كېلىدۇ؟

ـ سېتىلىپ كەتمىسىلا، قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن قايتىپ كېلىدۇ. سىز ئانغىچە قايتىپ تۇرۇپ، كەچتە كېلىڭ.

ـ سىزنى بۇيەرگە بۇنداق تاشلاپ قويۇپ مەن قانداق كېتىمەن؟

ـ خاتىرجەم بولۇڭ،الله ھ ئېگەم بار، مەندە يەنە ئازراق مادار بار. جېنىم تىنىمدىلا بولىدىكەن، ماڭا قول سوزغانلارنى مەقسىتىگە ھەرگىز يەتكۈزمەيمەن. ئالدى بىلەن .اللاھ، ئاندىن، مەن...

ـ ئەمسە سىڭلىم، مەن كەچتە كېلەي.

ـ چوقۇم كېلىڭ. مېھرىگۇل سىزنى كۈتىۋاتىدۇ.

رۇستەم چىقىپ كەتتى. چىقىپ كەتتىيۇ، يۈرىكى ئۆيدە ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ قالغان ناتىۋان قىز بىلەن بىللە قالدى. رىسالەت شۇ كەمگىچە بىرەرىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىغان قىز ئەمەس ئىدى. مانا، ئاندىن بەرەھنە ھالەتتە، شەھۋەتخورلارنىڭ تاماشا قىلىدىغان قونچىقىغا ائايلىنىپ قاپتۇ. مېھرىگۇلچۇ؟ بىرسى رۇستەمگە ئۇنىڭ بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسە، چېچقان پوقىنى تەڭ قىلمايتتى، قانداقتۇر بىر مەلئۇنلار، ئۇنى خۇددى، قوينىڭ قوزىسىنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ يۈرۈپ، تۆتتال پۇلغا ساتماقچى بولۇپ يۈرۈۋېتىپتۇ. ئاھ جاھان!!! بۇزۇلۇملارنى نېمىشقا بۇنداق ناتىۋان، ئاجىز قىزلارنىڭ بېشىغا سالىدىغانسەن؟

خۇددى رىسالەتنىڭ دېگىنىدەك، يۇرتتىن چىققانلار ئۇرۇمچىدە نەچچە گورۇپپىغا ئايرىلىشتى، ئاندىن ھەربىر گورۇپپىغا بىردىن كادىر مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنى نەچچە كۈن پويىزغا ئولتۇرغۇزۇپ، بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتى. دەسلەپتە ئۇلار ئىشقا چۈشكەن زاۋۇت ئۇلارغا تولىمۇ قىزغىن بولدى. ئەمما مەسئۇل كادىرلار قايتىپ كېتىشى بىلەن تەڭ، ئۇلار باشقا زاۋۇتقا، فابرىكىلارغا، يۆتكىلىشتى. ئاندىن بىردىن، ئىككىدىن بۆلۈنۈپ، پەقەت مېھرىگۇل بىلەن رىسالەتلا بىر ـ بىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئايرىلغىلى زادىلا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىمۇ تۇيماستىن، رىسالەت ئىككى تۇمەنگە، مېھرىگۇل چىرايلىق بولغاچقا ئۈچ تۇمەنگە مۇشۇ بەزمىخانىنىڭ خوجايىنىغا سېتىلدى. خوجايىن، رىسالەتنى كىچىك كۆرۈپ، ئۇنى ئاسانراق ئەيۋەشكە كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتىمۇ، ئۇنى ئېلىپ قېلىپ، بۇينى قاتتىق ئېشەكتەك، چاپچىپ، چىچچاڭشىپلا تۇرىدىغان مېھرىگۇلنى باشقا ھەقەمسايىلىرىغا پايدىسىغا سېتىۋېتىشنى ئويلاپ، چاپارمەنلىرى ئارقىلىق ئۇنى بازارغا سېلىۋاتقىلى مانابۇگۈن تۆتكۈن بولدى. ئەمما ئۇ قويغان ئون يەتتە تۈمەن باھانى ھەممىسى ئۇستۇن كۆرۈپ بىرنېمە دېمىدى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن مېھرىگۈلنىڭ باھاسىنى بەش تۈمەنگە چۈشۈرۈپ، يەنە ماڭغۇزغانىدى. چاپارمەنلەر كەچتە يەنە سالپىيىپ كېلىشتى.

كەچتە رۇستەم بۇ بەزمخانىغا يەنە كەلدى. لاۋبەن خوتۇن ئۇنىڭ ئالدىغا غىلجىڭلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى يەنە ھېلىقى كەينى ئىشىك ئارقىلىق، ھېلىقى ھويلىدىكى، كونا ئۆيگە باشلاپ چىقتى.

ـ ئىككىلىسىنى ئالىمەن دېسەڭ 1000يۈەن بەر. دېدى ئۇ ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى ئاچماي تۇرۇپ.

رۇستەم شىڭ ـ دەپ، شارتلا 1000يۈەن چىقىرىپ ئۇنىڭغا تەڭلىۋىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چايغا سالغان خام قايماقتەك پارقىراپ كەتتى. ۋە چىڭ...چىڭ.. ـ دەپ، ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ، غايىپ بولدى.

رۇستەم ئۆيگە كىرىپ، مەشۇقىنىڭ سۇلغۇن، تاتىراڭغۇ، مىسكىن چىرايىنى، ئۇستىبېشىدىكى چاكىنا، غىلجىڭ كىيىملىرىنى، گەدىنىدە قالدۇرۇپ، تەتەيچە كېسىپ تاشلانغان قۇندۇزدەك چاچلىرىنى كۆرۈپ، كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. پۇت ـ قوللىرى تىترەپ، ئورنىدىلا ئولتۇرۇپ قالغىلى تاس ـ تاماس قالدى. ئۆزىگە قاراپ، يىغلامسىراپ تۇرغان مېھرىگۈلنىڭ كۆزلىرى بىلەن كۆزلىرى ئۇچراشقاندىلا ئاندىن ۋۇجۇدىغا بىرئاز ماغدۇر تاراپ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى.

ـ مېھرى!!!

ـ رۇستەم!!!

ئۈچ يىلدىن بېرى نامەھرەم، ھايا ۋە نۇمۇستىن بىر ـ بىرى بىلەن ئىككى قەدەم ئارلىق قالدۇرۇپ كۆرۈشىدىغان بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار مانا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قۇچاقلاشتى. قۇچاقلاشقاندىمۇ بىر ـ بىرىنى مەڭگۈ قويۇۋەتمەيدىغاندەك مەھكەم قۇچاقلاشتى. بەس! ئۇلارنىڭ روھلىرى پىچىرلاشسۇن! باغرى بىر ـ بىرىگە قانسۇن. يۈرەكلەر ھال ـ مۇڭلىرىنى تۆكۈشۈپ، قانغۇچە پىچىرلاشسۇن. گەرچە ئۆتكەن ۋاقىت ئىككى يېرىم ئاي بولسىمۇ، بۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار تولىمۇ كۆپ ۋە مۇرەككەپ. غېرىپ باشلارغا چۈشكەن كۈلپەتلەر تولىمۇ ئېغىر. بۇنى مۇشۇنداق چۈشىنىدىغان قەلبلەرلا تىڭشىيالايدۇ. بەس!!!

خېلى ئۇزاققا سوزۇلغان سۈكۈتلۈك يىغا ـ زارىدىن كېيىن، ئۇچەيلەن، بۇ ئۆڭكۈردىن قانداق قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىشنى مەسلىھەت قىلىشتى. ئارىدا رۇستەم سىرتقا چىقىپ، ھويلىنىڭ قورۇتاملىرىنى كۆزىتىپ كىردى. زادى قانداق قىلىش ھەققىدە خېلى ئويلانغان بولسىمۇ، داۋاملىق ئاسراش، كۆيۈنۈش، تۇزەش، ھەققىدىلا ئويلايدىغان پاك دېھقان كاللىسىغا، بۇزىدىغان، چاقىدىغان ، ئوغۇرلايدىغان بۇنداق ئويلار زادىلا كەلمەيۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ قىزلارغا نۇرغۇن تەسەللىلەرنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغاندىن كېيىن، قايتىپ، يۈسۈپتىن مەسلىھەت ئېلىپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

ئۇ قىزلار بىلەن خوشلاشتى. سىرتقا چىقىپ، تەتەي خوجايىنغا يەنە مىڭ سوم بېرىپ، ئەتە ئەتىگەن يەنە بىر ئاغىنىسى بىلەن كېلىپ، "پەيزى" قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇدۇل يۈسۈپنى ئىزدەپ ئۇنىڭ ياتىقىغا كەلدى. ئەمما يۈسۈپ يوق ئىدى. خېلى مەھەل ساقلىغاندىن كېيىنلا مەست ـ ئەلەس بولۇپ قايتىپ كەلگەن يۈسۈپ، رۇستەمنى كۆرۈپ، خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى.

ـ نېمە؟!! يۈسۈپ رۇستەمنىڭ پىلانىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ـ سەن ئۇلارنى قانداق ئېلىپ قاچىسەن؟

ـ بۇنى سەندىن ئۆگىنەي دەپ كەلدىم شۇ...

ـ مەندىن..... ـ يۈسۈپنىڭ مەستلىكىمۇ نەلەردىدۇر قالغانىدى. ـ مەن قانداق ياردەم قىلارمەن....

ـ پەقەت ئەتە ئەتىگەندە مەن بىلەن بىللە بېرىپ، قىزلارنى شۇ قورودىن ئېلىپ چىقىشىمغا ياردەملەشسەڭلا بولىدى.

ـ ئۇيەردىن ئېلىپ چىققان بىلەنلا ئىش پۈتەمدۇ؟ ـ يۈسۈپ ئويلىنىپ سورىدى. ـ ئۇيەردىن چىققاندىن كېيىن دەرھال بۇ ناھىيىدىن، ھەتتا بۇ ئۆلكىدىنمۇ يوقىلىشىڭ كېرەك. كىچىكتۈرۈشكە زادى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ جادى بىلىپ قالسا، ھەممىمىزنىڭ ئۆلگىنى شۇ.

ـ شۇڭا سېنىڭ يېنىڭغا كەلدىم ئاداش. الله يولىدا ماڭا ياردەم قىل.

ـ مەن الله يولىدا، يەنە بىرنېمە.... دېگەنلىرىڭنى بىلمەيمەن. تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە الله نىڭ بىچارىنى يۆلىگىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بوپتۇ. نېملا بولمىسۇن، يۇرتىمىزنىڭ قىزلىرى ئۈچۈن، بىر تەۋەككۈل قىلىپ باقاي. مېنىڭچە يانچۇقچىلىق قىلغاندىن تەس ئەمەس.

ئىككەيلەن يېرىم كېچىدىن ئاشقىچە بىرمۇنچە مەسلىھەتلەرنى قىلىشىپ، ئاخىرى گېپىنى توختىتىشتى. ئاندىن كېچىلىك بازارغا بېرىپ، پىچاق، تانا، دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ قويۇشتى.

ئەتىسى ئەتىگەن ئۇلار بىرتاكسىنى كىراقىلىپ، بەزمىخانىغاكەلدى. ھەمدە تاكسى شوپۇرىغا ، كېتىپ قالماسلىقنى تاپىلاپ، كىرىپ كېتىشتى. تەتەي خوتۇن رۇستەمنى كۆرۈپ ئالدىراپ كەتتى. ھەمدە ئۇلارنى ھېلىقى ئۆيگە باشلاپ كېلىشتى. تەتەي خوتۇن غايىپ بولغاندىن كېيىن، رۇستەم كۆينىكىنى ئۆرۈپلا، بېلىگە باغلىۋالغان تانىنى ئالدى. ئانغىچە يۈسۈپ، قول سومكىسىدىن كېيىم كېچەكلەرنى ئېلىپ، قىزلارغا تەڭدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا تەييارلىقنى پۈتتۈرۈشتى. قىزلارمۇ تەتەيلەردەك ياسىنىپ تەق بولۇشتى. يۈسۈپ ھويلىغا چىقىپ، تانىنى تامنىپ پەس بىر يېرىدىن ئارتىلدۇرۇپ سىرتقا تاشلىدى، ئانغىچە رۇستەم، بۇلۇڭدىكى بىرتال تاختاينى ئەكىلىپ، تامغا يانتۇ قويدى ۋە يۈسۈپكە، دەسسەپ تۇر! ـ دەپ ئۆزى تاختايغا سەرەپلا تامغايامىشۋالدى، ئاندىن بىرئامالالاپ تامنىڭ ئۈستىگە چىقتى. تانىنى نېرىدىكى ستولبىغا مەھكەم چىگكەندىن كېيىن، بىر ئۇچىنى ھويلىغا تاشلىدى. باشتا رىسالەت چىقتى، ئاندىن مېھرىگۈل چىقتى. يۈسۈپ ئەڭ ئاخىرىدا چىقتى. ئۇلار پەسكە سەكرەپ، چۈشۈپ، قايرىلىپ، ئاغرىپ كەتكەن پۇتلىرىنىمۇ ئۇنتۇشۇپ، چوڭ يولغا چىقىشتى. ئاندىن ھېلىقى تاكسى توختاپ قالغان يەرگە قارىۋىدى، ۋەدىگە ۋاپا قىلماي كېتىپ قالغانىدى. ئۇلار چوڭ يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ، مىڭ تەستە تاكسىدىن بىرنى توسىۋالدى. يۈسۈپ شوپۇرغا بىرنېمە دەپ بۇيرىۋىدى، شوپۇر غۇيۇلداپ چېپىپ كەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ قاچقىنىدىن خەۋەر تاپقان تەتەي، چاپارمەنلىرىنى يۈگۈرتۈپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇلار تېخى بىلمەيتتى.

ئۇلار شۇماڭغانچە پويىز ئىستانزىسىسىغا كېلىپ، تاكسىدىن چۈشتى. ئاندىن بېلەت ئېلىش ئۆيىدىن شىنجاڭغا بارىدىغان بېلەتتىن 3نى سېتىۋېلىپ چىقىشتى. ئەمما بېلەت ئەتە ئەتىگەننىڭ ئىدى. ئەمدى ئۇلار بۈگۈننى ۋە بىر كېچىنى ئاراماللە ئۆتكۈزىۋالسا، اللە يىم بۇيرىسا يۇرتقا ئامان ـ ئېسەن كېتەلەيتتى.

ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇزۇن بىر كۈنمۇ كەچكە ئۇلاشتى. ئۇلار پوۋىز ئىستانزىسىنىڭ تاشلاندۇق نەرسىلەر دۆۋىلەپ قويۇلغان بىر بۇلۇڭىدىكى، ئەسكى يوك ساندۇقىغا كىرىۋېلىشقانىدى. ئەمدى بۈگۈن كېچىنى مۇشۇ يەردە تۈنەشكە توغرا كېلەتتى. ئۇلار ساندۇقتىن چىقىسلا بىرى تۇتىۋالىدىغاندەك، دەككۇ ـ دۈككىدە كېچىنىمۇ يېرىم قىلدى. توساتتىن سىرتتىن نەچچەيلەننىڭ جىددىي بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ، بىر ـ بىرىگە بىرنېمىلەرنى بۇيرۇشۇپ، سۆزلىگەن ئاۋازى ھەممەيلەننىڭ قۇلىقىنى دىڭ قىلدى. يۈرەكلەر دۈپۈلدەپ، ئاغزىغا تىقىلايلا دەپ قالغانىدى. ھەممەيلەن ئۇنلۇكرەك تىنىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، نەپىسىنى ئىچىگە يۇتىۋېتەتتى. بىرەيلەننىڭ ئاياق تىۋىشى بارغانچە يېقىنلاپ كېلىپ،يوك ساندۇقىنىڭ ئالدىدىلا توختىدى. ئاندىن بىرسىنى چاقىردى بولغاي، بىردەمدىلا يەنەبىرەيلەننىڭ يېتىپ كەلگىنى مەلۇم بولدى. رۇستەم بېلىدىكى پىچاقنى ئاستا سلاپ قويدى.

تۇيۇقسىزلا يوك ساندۇقىنىڭ ئىشكى ئېچىلىپ، قولچىراق تۇتقان ئىككەيلەن ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى. مېھرىگۈل ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئېگىزرەك بىرسىنىڭ ئۆزىنى نەچچەكۈندىن بېرى ئايلاندۇرۇپ، بازارغا سېلىپ يۈرگەن دانىخورەك ئىكەنلىكىنى بىتونىۋالدى. ۋە رۇستەمگە : ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمىز... ـ دېدى پەس ئاۋازدا...

رۇستەم مېھرىگۈلنىڭ، يۇسۇپ رىسالەتنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتتى. ئۇلار قاچماقچى ئىدى. بىراق قول چىراق تۇتقان پاكار، ئورۇق توڭگۈز بىرلا ۋارقىرىۋىدى، تەرەپ ـ تەرەپتىن يېتىپ كەلگەن سەككىز ـ ئون ئادەم يوك ساندۇقى ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇشتى. ئەمدى قېچىپ كېتىشكە كۆزى يەتمىگەن رۇستەم، ئېلىشىش نىيىتىدىنمۇ ئاستا ياندى، چۈنكى بۇنچە كۆپ ئادەم بىلەن ئېلىشقان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئەمسە قانداق قىلسۇن؟ مەشۇقىنى مۇشۇ قاۋانلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، غىڭ قىلماي كەتسۇنمۇ؟ ئاھ اللە !!! قۇتقازساڭچۇ، بەندەڭنى؟!!!

غالچىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن يوك ساندۇقى ئىچىگە يامراپ كىرىشتى، ۋە يىگىتلەر بىلەن قىزلارنى ئايرىپ، ئايرىم ـ ئايرىم باغلاشتى. ئېغىزلىرىنى ئېتىپ، ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە غالچىلار ئىككى ماشىنا بىلەن شەھەر سىرتىدىكى ئەخلەت تۆكۈش مەيدانىغا كەلدى ـ دە، قارا سۇلىياۋ بىلەن ئورالغان ئىككى جەسەتنى چوڭقۇر ئازگالغا تاشلىۋېتىشىپ، قايتىشتى. كەينىدىنلا بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى كېلىپ، جەسەتلەرنىڭ ئۈستىنى سېسىق ھىد گۈپۈلدەپ تۇرىدىغان ئەخلەتلەر بىلەن كۆمۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، 23 ياشلىق

رۇستەم بىلەن، 22ياشلىق يۈسۈپ بۇدۇنيا بىلەن جىممىدە خوشلاشتى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىدىن ئاشۇ ناتونۇش بىرنەچچە كىشىدىن بۆلەك مېھرىگۈل ۋە رىسالەتلەرنىڭمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇلارمۇ كىچىچە تاياق يەپ، چالا ئۆلۈك بولۇپ قېلىشقاندىن كېيىن، تەتەي خوجايىن جاپاتارتقان غالچىلىرىغا ئۇلارنى ئىككى كۈنلۈك "سوۋغات" قىلىپ بېرىۋەتكەنىدى.

ۋاقىت تولىمۇ تىز ئۆتىدۇ. مانا، مېھرىگۈل كەتكىلى سەككىز ئاي، رۇستەم كەتكىلى يەتتە ئاي بولدى. ئەمما ھېچكىمدىن خەت ـ خەۋەر يوق. پەقەت ئايقىزدىن ئىككى پارچە خەت كەلدى. ئەمما باشقىلارنىڭ ھېچقايىسىدىن خەۋەر يوق. ئەختەم شۇ ياتقانچە يېتىۋەردى. ئۇزۇن قىشمۇ چىقىپ، ئەتىياز كىرىپ قالاي دېدى، لېكىن ئەختەم بىرخىللا ياتىدۇ. بىچارە روزاخۇن بىر يۈتىنى سۆرەپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. ئاھ الله !!! جان قاچان چىقار؟!! بۇجاننى بۇنداق قىينىغىچە ئالساڭ بولمامدۇ ئامانىتىڭنى.!!! ئەختەم ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىسە، گۇناھ بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە شۇنداق قىلىۋاتاتتى. نېمە ئامال؟ يىگىتلىك قانلىرى تومۇرلىرىغا پاتماي ئېقىۋاتقان بەردەم بىر يىگىت ھېچنىمىدىن ھېچنېمە يوق، يا ئۆلەلمەيدىغان، يا تىرىكتەك ياشىيالمايدىغان بىر ھالغا چۈشۈپ قالسا، بۇ زادى نېمە كۈن؟!!!

ئارىدىن يەنە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. كوچا ـ كويدا ھەرخىل مىش ـ مىش پاراڭلار تارقاشقا باشلىدى.

ـ ھەي بىچارە روزاخۇن ھەركۈنى شەھەرگە كىرىپ، تىلەمچىلىك قىلىۋېتىپتۇ، دەيدۇ...

ـ ۋاي ماڭە نېرى، يوق گەپنى تاپماي.

ـ نەدە يوق گەپ؟!! كۆرگەن ئادەم بار جۇمۇ؟

ـ ئىشىڭنى قىلىشساڭچۇ ھەي....تىلىسە سەندىن تىلىمگەندىن كېيىن...

ـ شۇ... تىلمەي نېمە قىلىدۇ؟ ئەختەم گەپمۇ قىلماي ياتسا، ئۇنىڭ داۋالىنىشىغا، دورىلىرىغا پۇل كېتەر ھەقاچان...

ـ پلەچ كېسىلىنىڭ دورىلىرى بەك قىممەت دەيدۇ...

ـ الله يىم ئەجەپ ئۇنتۇپ قالدى مۇشۇ بەندىسىنى...

ـ ھەي.. نېمە قىلغۇلۇق.... دادىسى بىچارىنىڭ 3500سەر ئالتۇنىنى تارتىۋېلىپ، ئاق تىكەنگە بېسىپ ئۆلتۈرىۋەتكەنىدە، بۇ بىچارە ئارآن 8~9ياشتا ئىدى. مانا ، ئەمدى نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ...

ـ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قىلىپ سالغىنى بار ئوخشايدۇ. بولمىسا بۇنچە دىشۋارچىلىققا سالىدىغانغا الله نىڭمۇ غەزىپى ئالدىرىماي... دەيدىغان گەپ بار...

....

بۇ تىمىدىكى پاراڭلار كوچا ـ كويلاردا لىق ئىدى. بەزىلىرى ئىچ ئاغرىتسا، بەزىلىرى ئىچىدە خوپ بولدى ! ـ دەيتتى. ئىشقىلىپ نېمە بولسا بولدى، بۇ ئائىلىگە كۆز تەگدى. باللارنىڭ ئانىسى قاچان كۆز يۇمدى، شۇنىڭدىن باشلاپ مانا ھازىرغىچە كۆڭۈلسىزلىك ئۈستىگە كۆڭۈلسىزلىك! ھەي.. بىچارە بوۋاي. ھەر كۈنى شەھەرگە بېرىپ، تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگىنىگىمۇ تۆت ئايدىن ئاشتى. كىشىلەرنىڭ خەيىر ـ ئېھسانلىرى ھېچ بولمىسا كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋاتقان

ئەختەمنىڭ دورىسىغا ، ۋە قورساققا پايدا قىلىۋاتىدۇ. ساتىدىغان ھېچ نەرسە قالمىدى. ئۆينى ساتسا بەش~ئالتە مىڭغا ئارانى يارايدۇ. ئۇ پۇلمۇ تۈگەر نەچچە كۈندە. خەير.... بۇ كۈنلەرنىڭمۇ چېكى باردۇ؟

بۈگۈن بامدات نامىزىدىن كېيىن جامائەت ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن ئەختەمنىڭ مېيىت نامىزىغا تۇرۇشتى. نامازدىن كېيىن روزاخۇن جىنازىنىڭ ئالدىدا ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك ئاچچىق ـ ئاچچىق يىغلاپ ماڭدى. جىنازىنىڭ كەينىدىلا بېلىگە ئاق باغلاپ كېلىۋاتقان ھېۋزۇللا ئىچىدە :

ـ توۋا!!! "الله يىم جاجىسىنى بېرىدۇ!" ـ دەپ قاغىۋەتكەنىدىم. قارغىشىم تۇتقانمىدۇ بۇ يالاڭ تۆشلەرنى، ئەممازە... الله مۇ جاجىسىنى بەك ئاشۇرۇپ بەردىمۇ نېمە بۇ داڭگاللارنىڭ؟ توۋا!!! الله يىم... توۋا!!! ـ دەپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ، كەلمەكتە ئىدى.

جامائەت قايتىشتى. روزاخۇنمۇ يىغلاپ، پۈتۈپ كەتكەن ئۈنلىرىنى چىقىرىشقىمۇ ئامالسىز ھالدا قەبرە ئالدىدا تىزلانغىنىچە ئۇزاق ئولتۇرۇپ قايتىپ كەتتى.

گۆرۈستانلىق جىمجىت قېپ قالدى. ئەمما ئەختەمنىڭ قەبرىسىدىن، پۈتۈن كەنتكە، ئاندىن پۈتۈن يېزىغا، ھەتتا پۈتۈن جاھانغا ۋەزىنلىك! ئېچىنىشقا تولغان، پۇشايمانلىق بىر نىدا توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرغاندەك ئىدى. ئۇ بولسىمۇ "

ـ سىڭلىم مېنى كەچۈرگىن! سىڭلىم! ئاكاڭنى كەچۈرگىن!!!

خاتىمە

قىزلار كېتىپ، دەل 13 ئاي بولغاندا، 23قىزدىن 16سى قايتىپ كەلدى. ئۇلار قايتىپ كېلىپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازاراتىنىڭ مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى كەنتكە كېلىپ، بارلىق ئەھۋالنى ئىگەللەپ، قايتىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھېۋزۇللا، يىرىلىق ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ئاسىم(ئا سوجاڭ)، ۋە ئەختەمنى ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىككى غالچا، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرى قولغا ئېلىنىپ، ئۇرۇمچىگە يالاپ ئېلىپ كېلىندى. ھەممە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سۇرلۇك ، يوغان سوتخانىسىدا جىنايەت گۇمانداررلىرىغا كېڭەشمە سوت ئېچىلدى.

ھېۋزۇللا، ئا سوجاڭ قاتارلىقلارغا ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسى، ئىككى غالچىغا 10يىللىق قاماق جازاسى، يېزا باشلىقى، يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى قاتارلىقلارغا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۈچ يىللىق قاماق جازاي بېرىلدى. روزاخۇن بوۋايغا ۋە ئەختەمگە ھەرخىل تۆلەملەر بولۇپ 322475.96يۈەن تۆلەم بېرىش، بۇ تۆلەمنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائى كاپالەت ئىدارىسى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئېلىش بۇيرۇلدى. ئەمما روزاخۇن بوۋاي، سوت مەيدانىدا يىغلاپ تۇرۇپ:

ـ ماڭا ئۇنچە كۆپ پۇل كېرەك ئەمەس. ماڭا قىزىم مېھرىگۈلنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلارلا بولدى. دەپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. قانۇن خادىملىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، سوتتىن مېھرىگۈلنىڭ دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن كېسىم قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. سوت ئويلىشىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىگە تاپشۇردى. روزاخۇن تۆلەم پۇلىنى ئېلىپ، يۇرتقاي قايتىپ كەلدى. ئۇ كېلىپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن ئىككى ساقچى ئورۇق، يۈز ـ كۆزلىرى ھەرخىل تاتۇقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن، كالتەچاچ، بىر پۈتى قىسقىمۇ نېمە، ئىشقىلىپ دىڭگوسلاپقىنا ماڭىدىغان بىرەيلەننى قولتۇقىدىن يۆلەشتۈرۈپ، كىرىپ كەلدى. بۇ مېھرىگۈل ئىدى. بۇجەرياندا ئۇنىڭ تارتقان كۈلپەتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆكۈپ ئولتۇرمىساقمۇ، ئەقىللىق كىتاپخان ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقىدىنلا نېمە كۈلپەتلەرنى كۆرگەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولدى.

دادا ـ بالا ئىككەيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن مېھرىگۈلنىڭ تەلىپى بويىچە روزاخۇن ئۇنى يۆلەپ ئەختەمنىڭ قەبرىسىگە ئېلىپ كەلدى. مېھرىگۈل ئۆزىنى تۇتالماي بوقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قۇلىقىغا قەبرىدىن: " سىڭلىم مېنى كەچۈرگىن!!!" دېگەن سادا توختىماي ئاڭلىنىۋاتقاندەك بىلىنگەنىدى.

تامام

مەنبە : بىلقۇت مۇنبىرى

ئىبرەتلىك تىما بولۇنغانلىقى ئۈچۈن كۆچۈرۈپ ئېلىندى ..!

http://bbs.uzmakan.com/redirect.php?tid=2474&goto=lastpost

2009/05/12